شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2006

3



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

06 >

9 771005 087006

源泉(布拉克)









ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

27 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 108 ـ سان

بەت بوسۇغىسى

ئەۋلادلىرىڭلارنى باشقا بىر
زامان ئۈچۈن تەلىم ئېتىڭلار،
چۈنكى، ئۇلار سىلەر ياشىغان
زاماندىن باشقا بىر زاماندا ياشىدۇ.
سىماق ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەندۇر.

— ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس كاشغەرى
«مىفتاھۇل ئەدەب» دىن



ئابدۇلھەمىت لوقمان يازغان





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


سىددىقنامە........................ مۇھەممەد سىددىق رەشدى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۆ


## ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


تارىخى رەشىدى.................... مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (26)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


## مەشھۇر شەخسلەر


مەرپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يەنە بىر يۇلتۇز — ئىسمائىل ھەققى ئۆستىدە ئىزدىنىش
........................................ ئۆمەر ئوسمان شىپائى (63)



مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلاردا ئوقياچىلىق مەدەنىيىتى ......................ئابلىز مۇھەممەد سايرامى(72)

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

دولانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ............................ (92)
توپلاپ، رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ سىيت
يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدىكى رىۋايەتلەر.............................. (100)
توپلاپ، رەتلىگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان

## ئوچۇرلار

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ............................
........................................... پاتىگۈل مىجىت (105)
خوتەن ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات ......................پەرىدە ئەمىن (107)


※ ※


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: بارخان


※ ※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئاشىق نازىنىن (بىلال نازىمى ئەسەرلىرىگە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: تۇرسۇن ئوسمان ماي بوياق رەسىملىرىدىن
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: دوپپا بازىرى (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)


تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)

# سىددىقنامە

مۇھەممەد سىددىق رەشىدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بوٚگوٚ

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب مۇنشىلىق (كاتىپلىق) ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى[1]

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر مۇنشىي (كاتىپ) بولساڭ، ئالدى بىلەن سۆزگە قادىر (مۇكەممەل) ۋە خۇش خەت بولغايسەن. خەت قىلىشقا كامىل بولاي دېسەڭ، كۆپ خەت يېزىشنى، يەنى خەت يېزىش مەشىقىنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلغىن.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، ئىسمائىل ئىناد دەپتەرگە ھەر كۈنى بىر نېمىلەرنى پۈتۈپ ئولتۇراركەن. ئۇ كاتىپلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈپ: «مەن شەنبە كۈنى بولسىلا خەتنى خاتا يېزىپ قويىمەن، بۇنىڭ سەۋەبى ئازنا كۈنى بىر كۈن خەت يازمىغانلىقىمنىڭ تەسىرىدىندۇر» دەيدىكەن.

— ئەي ئوغۇل، ھەمىشە بىر نېمە پۈتۈش (يېزىش) بىلەن مەشغۇل بولغىن. ئەمما ھەر دائىم ئازادە (ئېنىق) يېزىلغان، مەزمۇنى ئاسان خەتلەرنى كۆرۈۋەرمە. بىر - بىرىگە ئېلىشاڭغۇ، يەنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ يېزىلغان، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەرنى كۆپرەك كۆر. ئەرز ياكى نامە (خەت)لەرنى مەنىسى كۆپ، ئەمما ئاز سۆز بىلەن ئادا قىلالايسەن.

**نەزمە:**

سۆزنى ئانداغ سۆزلەگىل چىقسۇن كۆڭۈل گىردابىدىن،
نامە ئانداغ قىلغىل پۇر مەئنىيۇ لەفز مۇختەسەر.

پۈتكەن (يازغان) نامەڭنى ياخشى ئىما - ئىشارەت، ئايەت ۋە ھەدىس بىلەن زىننەتلە. ئەمما پارسچە بىلمەيدىغان كىشىلەرگە پارسچە نامە پۈتۈپ يۇرمە، خۇش ياقمايدۇ. خۇسۇسەن، پارسچىنى بىلمەيدىغان دىيارلاردا پارسچە ياكى ئەرەبچە نامە پۈتمەك بىلەن مەشغۇل بولساڭ، ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قىيناپ قويىسەن. بەرھەق، ئەرەب تىلى سەجئى (نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان ئەسەر) يېزىشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما

---

[1] بېشى 2006 - يىللىق 1 - ساندا

پارسچە نامىلەردە سەجئى كەلتۈرۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

ھەربىر سۆزنى ئىپتىقاندا چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى ئىشلەتكىن ھەم مەنىلىك سۆزلەرنى [ مىسال ] قىلىپ سۆزلە. سۆزۈڭنى مەنىسى كۆپ، ئەمما ئىخچام تىل بىلەن ئىپادىلە. كاتىپ بولغان كىشى چوقۇمكى، يېزىقچىلىقنىڭ ــ كاتىپلىقنىڭ سىرلىرىنى ياخشى بىلىشى، ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى، مەخپىي ئىما ـ ئىشارەتلىرىدىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى باغدات خەلىپىسىگە نامە پۈتۈپ:«سەمەرقەند ۋىلايىتىنى ماڭا بەرگىن ۋە مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇتۇپ جار سالدۇرغىن. [ بۇنىڭ بەدىلىگە ] مەنمۇ ئۆزگە ۋىلايەتلەرنى ساڭا بېرىپ، سېنىڭ نامىڭغا خۇتبە ئوقۇتۇپ يارلىق چۈشۈرەي. بولمىسا، جەڭ بىلەن، تىغ بىلەن ۋە لەشكەر بىلەن ئالىمەن» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. خەلىپە دېدىكى:

«ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەنكى، ئىسلام دىنىدىكى يۇرتلار ئىچىدە سەمەرقەندتىن تىنچ، خەلقى ئىتائەتمەن يۇرت يوقتۇر. ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! مەن شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، ئەگەر سەن مېنىڭ پەرمانىمدىن چىقىپ سەمەرقەندكە قەست (ھۇجۇم) قىلساڭ، پۈتۈن ئالەمنى سېنىڭ ئۈستۈڭدە تەۋرىتىمەن».

سۇلتان مەھمۇد بۇ سۆزدىن غەزەپلىنىپ ئەلچىگە:

«خەلىپىگە ئېيتقىن. مەن سەندىن كەم كىشى ئەمەسمەن. مېنىڭ سېنىڭ بىلەن بۇ جەڭنى قىلىش كۆڭلۈمگە چۈشۈپتۇ. مانا ھازىرلا ئاتلاندىم. مەن پىل بىلەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، باغداتنى پىللارنىڭ ئايىغىدا ۋەيران قىلىپ، تۇپرىقىنى پىللارغا يۈكلەپ غەزنەيىنگە كەلتۈرىمەن» دېدى.

ئەلچى بېرىپ بۇ پەرماننى يەتكۈزدى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ سۇلتان مەھمۇدتىن كۆرۈنۈش قىلماقنى تىلىدى. سۇلتان ئولتۇرۇپ، غۇلاملارنى سەپ ـ سەپ تۇرغۇزۇپ، مەست پىللارنى قاتار قىلىپ، لەشكەرلىرىنىڭ سەپلىرىنى تۈزەپ بولۇپ، ئاندىن ئەلچىگە كۆرۈنۈش قىلدى. ئەلچى كىرىپ:

«ئەمىرۇل ـ مۇئمىنىن دېدىكى، نامەڭنى ئوقۇدۇم. جاۋابى ئۇشبۇدۇركى، بۇ نامىگە پۈتۈپ ئەۋەتتىم» دېدى دەپ بىر دەستە قەغەزگە پۈتۈلگەن، مۆھۈر بېسىلغان نامىنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا قويدى.

ئەبۇ نەسىر دىۋان بېگىلىرىنىڭ ئۇلۇغى ئىدى. قول سۇنۇپ نامىنى ئېچىپ ئوقۇدى. نامىنىڭ بېشىغا «بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم» دېگەن ئىبارە، كېيىنكى ئۈچ قۇرغا «الم، الم، الم» دېگەن ھەرپلەر، نامىنىڭ ئاخىرىغا «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ـ ئالەمىن ۋەسسەلاۋاتۇ ۋەسسەلامۇ ئەلا رەسۇلىھى مۇھەممەدىن ۋە ئالىھى ۋە ئەسھابىھى ئەجمەئىن» (جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر، رەھمەت ۋە تىنچلىق ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئات ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن !) دېگەن ئايەت پۈتۈلگەنىدى. باشقا ھېچنېمە دېمىگەنىدى.

سۇلتان مەھمۇد كاتىپلارنى يىغىپ:

«بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئىما - ئىشارەتلەر نېمىدىن بېشارەت بېرىدىكىن» دەپ، بۇ سۆزنىڭ ئەندىشىسىدە ھەيران قالدى. قورئاندىكى مۇشۇ ئۈچ ھەرپ بىلەن كەلگەنلىكى ئايەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى ۋە تەپسىر قىلدى. ھېچ جاۋابى مەلۇم بولمىدى.

خاجە ئەبۇبەكرى قەھىستانىنىڭ يىگىتلىك ۋاقتى ئىدى. بۇ چاغقىچە ئۆلىمالار ئارىسىدا يۇقىرىراق مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. [ نامە ئەھۋالىدىن ] خەۋەر تېپىپ، بۇ مەرىكىگە كېلىپ سۇلتانغا دېدىكى:

— ئەي سۇلتانى ئالەم، ۋاقتىكى، ھەزرەتلىرى سىياسەت قىلىپ «پىللارغا دەسستىمەن. ۋەيران قىلىپ باغداتنىڭ تۇپرىقىنى پىللارغا يۈكلەپ غەزنەيىنگە كەلتۈردۈمەن» دېگەن ئىدىلە. بۇنىڭغا قارىتا خەلىپە نامىسىدە ئاۋۋال «ئەلىف، لام، مىم»نى پۈتۈپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئەلەم تەرە كەيفە فەئەلە رەببۇكە بىئەسهابىل - فىيل» (پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟)① دېگەن ئايەتنى بىلدۈرىدۇ.

خاجە ئەبۇبەكرى قەھىستانى بۇ سۆزنى دېگەندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھالى باشقىچە بولۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە ھوشىدىن كەتتى. ۋاقتىكى ھوشىغا كەلدى ۋە قاتتىق يىغلىدى. ئاندىن ئۆزرىلەر ئېيتىپ، نىيىتىدىن ياندى. ئەبۇبەكرى قەھىستانىغا تون كىيدۈرۈپ، ئىنئام - ئېھسانلار قىلىپ ئۆلىمالار ئارىسىدا يۇقىرى ئورۇن بەردى. ئەبۇبەكرى قەھىستانى ئەنە شۇ بىر سۆزى بىلەن ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى تاپتى.

هېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، سامانىيلار زامانىدا ئەبۇئەلى سىمجۇر نىشاپۇردا تۇرىۋاتقاندا كىشىلەرگە: «خۇراساننىڭ قوماندانى ۋە ئەمىرى مەندۇرمەن» دەيدىكەن. ئەمما، ھەرگىزمۇ سامانىي پادىشاھىنىڭ دەرگاھىغا بارمايدىكەن. بۇ سامانىيلارنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى بولۇپ، كۈچ - قۇدرىتى ئاجىزلىشىپ قالغان بولۇپ، ئەبۇ ئەلىنى كۈچ بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئۇنىڭ ئىسمىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ جار سالدۇرۇش ۋە ھەدىيە بېرىش يولى بىلەنلا ئۇنى تۇتۇپ تۇرغانىدى.

ئەبدۇلجەببار جورجانى ئىلىمدە توشقان كىشى بولۇپ، جورجاننىڭ خاتىبى ئىدى. ئەبۇئەلى ئۇنىڭغا مۇنشىيلىقنى بېرىپ، ئۆز قېشىغا توختاتتى. ھېچ ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلماس ئىدى. چۈنكى ئەبدۇلجەببار ناھايىتى ئالىم ۋە پەزىلەتلىك، ھەرقانداق ئىشقا يېتىشلىك كىشى ئىدى. ئەھمەد رافىئ ھەم سامانىي پادىشاھىنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇمۇ پەزىلەتلىك، ئالىم ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئۇنىڭ بۇيرۇقىدا ئىدى. ئەبۇئەھمەد رافىئ بىلەن ئەبدۇلجەببارنىڭ ئارىلىرىدا خېلى بۇرۇندىنلا غايىبانە دوستلۇق ۋە ئاغىنىدارچىلىق رىشتىسى بار ئىدى. ئۆزئارا پەزىلەتلىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، بىر - بىرىنى دوست تۇتۇپ، كىتاب - خەت ئەۋەتىشىپ يۇرۇشەتتى. ۋەزىر بىر كۈنى پادىشاھقا:

— ئەگەر ئەبدۇلجەببار جورجانى ئەبۇ ئەلىنىڭ كاتىبى بولمىغىنىدا، ئەبۇ ئەلىنى

① «قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، سۈرە فىل، بىرىنچى ئايەت.

ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەبۇئەلىنىڭ سىزگە بولغان بويۇنتاۋلىقى ئەبدۇلجەببارنىڭ مەسلىھىتى بىلەندۇر. ئەبۇئەلىگە «ئەگەر سەن مېنىڭ ئىتائەتىمدە بولساڭ، بۇ نامە ساڭا يەتكەن زامان ئەبدۇلجەببارنىڭ بېشىنى كېسىپ، توۋرىغا سېلىپ، مەزكۇر نامىنى ئاپارغان ئەلچىدىن ماڭا ئەۋەتىپ بەر. ماڭا مەلۇمكى، سەندىن كۆرۈلگەن ھەممە بىئەدەبلىكلەر ئەبدۇلجەببارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن يۈز بەرگەندۇر. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلمىساڭ، مەن ئۆزۈم ئۈستۈڭگە [ لەشكەر تارتىپ ] بارىمەن. جەڭگە تەييار بولغىن» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتەيلى، — دېدى ھەم تەدبىر كۆرسىتىپ:

— بۇ نامىنى ئەھمەد رافىئ پۈتمىسۇن. ئەھمەد رافىئ ئەبدۇلجەببارنىڭ دوستى. بۇ ئەھۋالنى بىلسە، ئەبدۇلجەببارغا كىشى ئەۋەتىپ، ئەبدۇلجەببارنى قاچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى. ئەمما، خۇراسان ئەمىرى ئەھمەد رافىئنى چاقىرتىپ:

— ئەبۇل ئەلىغە مۇنداق مەزمۇندا نامە پۈتكىن. ۋاقتىكى، نامىنى پۈتۈپ بولغاندا سېنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئۆيدىن چىققىلى قويمايمەن ۋە سېنىڭ قېشىڭغا كىشى كەلتۈرمەيمەن، چۈنكى ئەبدۇلجەببار سېنىڭ دوستۇڭدۇر. ناۋادا ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمىسەم، بۇ ئىشنى سېنى قىلغان، دەپ بىلىمەن، — دېدى.

ئەھمەد ھېچ ئىلاج قىلالمىدى. يىغلاشتىن باشقا چارىمۇ تاپالمىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن بۇ كىشىگە كاتىپ بولمىسام بوپتىكەن. مېنىڭ پەزىلەتلىك ۋە ئالىم دوستۇم مەن پۈتكەن نامە سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتمىسە بولاتتى. بۇ ئىشقا ھېچبىر تەدبىر تاپالمىدىم» دەپ، ئاخىرى يوشۇرۇن بەلگە ئارقىلىق مەقسىتىنى بىلدۈرۈش خىيالىغا كەلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە:«مەن كۆرسەتكەن بەلگە — ئىشارەتنى ئۇ يا بىلەر، يا بىلمەس. بۇ سىرنىڭ تېگىگە يا يېتەر، يا يەتمەس. قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇنداق بەلگە، ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق بولسىمۇ، دوستلۇق شەرتىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن» دەپ نامىنى پۈتتى. نامىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىر «ا» (ئەلىف) تارتتى. يەنە بىر بۇرجىكىگە بىر «ن» (نۇن) ھەرپىنى يېزىپ، نامىنى خۇراسان ئەمىرىگە بەردى. ھېچكىم نامە ئۈستىدىكى «ئەلىف» بىلەن «نۇن»نى كۆرمىدى. نامىگە مۆھۈر بېسىپ ياساۋۇلغا تاپشۇردى. ياساۋۇلنى ھەم بۇ سىرلاردىن، يەنى نامە مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندۇرمىدى. پەقەتلا:

— بۇ نامىنى ئاپىرىپ ئەبۇئەلىگە بەرگىن. ئۇ ساڭا ھەرقانداق نېمىنى بەرسە ئېلىپ بۇ يەرگە كەلتۈرگىن، — دېدى. ئەھمەدنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز شۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتقىلى رۇخسەت بەردى.

قاچانكى، ياساۋۇل نىشاپۇرغا كېلىپ نامىنى ئەبۇئەلىگە تاپشۇردى. ئەبۇئەلى نامىنى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى ۋە بۇسە قىلدى. خۇراسان ئەمىرىنىڭ سىھھەت ـ سالامەتلىكىنى سورىدى. ئەبدۇلجاببار ئەبۇئەلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. نامىنى ئۇنىڭغا بېرىپ:

— نامىنى ئاچقىن. نېمە يارلىق بۇيرۇپتۇ، ئوقۇغىن. پەرمىنىدا تۇرۇپتىمەن، — دېدى. ئەبدۇلجەببار نامىنى قولىغا ئالدى ۋە سەپسېلىپ قارىدى. نامىنى ئاچماستىن ئىلگىرى نامىنىڭ بىر تەرىپىگە «ئەلىف» ۋە يەنە بىر تەرىپىگە «نۇن»نىڭ پۈتۈلگەنلى-

كىنى كۆردى. دەرھال «ئەن يەقتۇلۇ» (ئۇلار ئۆلتۈرمەكچى) دېگەن ئايەت ئېسىگە كەلدى. «نامە مېنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پۈتۈلۈپتۇ» دەپ مۇلاھىزە قىلىپ، نامىنى يەرگە قويدى ۋە بۇرنىنى تۇتۇپ، بۇرنۇم قاناپ كەتتى، يۇيۇپ كېلەي دېگەن بولۇپ قوپۇپ تاشقىرى چىقتى. شۇ چىققانچە قېچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. سارايدىكىلەر بىر سائەتچە ساقلاپ ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى ئەبۇئەلى:

— نەگە باردىكىن، ئەبدۇلجەببارنى چاقىرىپ كېلىڭلار، — دېدى. ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدى. ئابدۇلجەببار ئاتقا مىنمەي پىيادە چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلمەيتتى. ئەبۇئەلى باشقا بىر كىشىنى چاقىرىپ نامىنى بەردى. ئۇ كىشى نامىنى شۇ ياساۋۇلنىڭ ھۇزۇرىدا (ئالدىدا) ئېچىپ ئوقۇدى. ۋاقتىكى، نامە مەزمۇنى مەلۇم بولدى. ھەممەيلەن ئەبدۇلجەببارنىڭ بۇ نامە مەزمۇنىنى قانداق بىلگەنلىكىنى ئۇقالماي ھەيران قېلىشتى. ئەبۇئەلى بولسا، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولدى. ئەمما ياساۋۇلنىڭ ھۇزۇرىدا ئاچچىقلانغان بولۇپ، «ھەركىم ئەبدۇلجەببار توغرىسىدا خەۋەر بەرسە، شاھانە ئىنئام قىلىمەن» دەپ جار سالدۇردى. ئەبدۇلجەببار بولسا، ئەبۇئەلىگە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنىۋالغان جايىنى ئېيتىپ «مەن پالانى يەردە تۇرىۋاتىمەن» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئەبۇئەلى بۇ ئىشتىن ھېسابسىز شادمان بولۇپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى - سانالار ئېيتتى ۋە خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىگە:

— ئۇ شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

نەچچە كۈن ئۆتتى. ياساۋۇلغا نۇرغۇن ئىنئام - ئېھسان ۋە سەرۇپاي تارتۇق قىلىپ: «... ئەھۋال ئۇشبۇ تەرىقىدە بولدى. مېنىڭ بۇ ئىشتىن ھېچ خەۋىرىم يوق. بۇنىڭغا ياساۋۇل گۇۋاھتۇر» دېگەن مەزمۇندا نامە پۈتۈپ، ياساۋۇلنى يولغا سالدى. ياساۋۇل نامىنى خۇراسان ئەمىرىگە يەتكۈزدى. خۇراسان ئەمىرى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ: «مەن ئۇنى ئەپۇ قىلدىم ۋە گۇناھىدىن ئۆتتۇم. بۇ بېشارەتنى قانداق بىلگەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىلا بولدى» دەپ ئەپۇنامە پۈتتى. ئەھمەد رافىئ شۇ يەردە ھازىر ئىدى. ئۇ:

— مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز ۋە ئەپۇ قىلسىڭىز، بۇ سىرلارنى مەن ئېيتاي، — دېدى.

خۇراسان ئەمىرى:

— گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم. سېنى ئۆز پاناھىمغا ئالدىم، — دېدى.

ئاندىن كېيىن، ئەھمەد رافىئ قىلغان ئىما - ئىشارەتنى بايان قىلدى. خۇراسان ئەمىرى ئەبدۇلجەببارنى ئەپۇ قىلىپ:

«شۇ نامىنى ماڭا ئەۋەتكىن. مەن نامە ئۈستىدىكى ئىما - ئىشارەتنى كۆرۈپ باقاي» دەپ نامە ئەۋەتتى ۋە نامىنى ئەكەلدۈرۈپ كۆردى. نامە ئەھمەد رافىئ ئېيتقاندەك ئىدى. ھەممە ئادەم بۇ ئىككى بۇزرۇكنىڭ بۇ قاتارلىق پەزىلەت ۋە ھۈنەرلىرىدىن ھەيران قېلىشىپ، ھېسابسىز شادمان بولۇشتى.

كاتىپلىق شەرتلىرىدىن بىرى شۇكى، — ئەي ئوغۇل، مادامىكى پادىشاھلارغا مۇلازىم بولساڭ، تېز پەم، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭ يۇقىرى ۋە ئويلاپ پىكىر قىلىدىغان بولغىن. ھەممە ئىشنى يادىڭغا كەلتۈرۈپ يۈر. ساڭا بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالما. ئەھلى دىۋاننىڭ ھال - ئەھۋالدىن ئاگاھ بول. ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە قائىدە -

يۇسۇنغا دىققەت قىل. كۆرۈنۈشتە ۋەزىرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ يۈرگىنىڭنى بىلدۈرۈپ قويما. لېكىن ئاستىرتتىن ھەممە ئىشلاردىن ئاگاھ بولۇپ يۈر. يەنە ھېساب ئىشلىرىغا پۇختا بول. ئىلىم ئۆگىنىشتىن، مۇئامىلە ئىشلىرىدىن، نامە پۈتمەكتىن ھەر ۋاقىت خالىي بولمىغىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاتىپلار ئۈچۈن ھۈنەردۇر. كاتىپ ئۈچۈن يەنە ئەڭ ئۇلۇغ ھۈنەر — تىلىنى چىڭ تۇتماق ۋە نېمەت ئىگىسىنىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ سىرلىرىنى ساقلىماقتۇر. مۇھىم ئىشلارنى پادىشاھنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرۇش كېرەك. ئەمما بىھۇدە سۆزلىمىگەن خوبتۇر.

ھەر خىل شەكىلدىكى خەتلەرنى يېزىشقا كامىل بول. ھەر تۈرلۈك خەت كۆرسەڭ، بىلگىنىڭكى، شۇ خەت ئارقىلىق خەت ئىگىسىنىڭ ئىلمىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن يازغان خەتلىرىڭنى ئالدىراپ بىرسىگە كۆرسەتمىگىن. ئەمما يالغانچىلىق بىلەن مەشھۇر بولماي دېسەڭ، دورامچىلىقنى ئۆگەنمە. چۈنكى دورامچىلىق يامان ئاتاقتا سەۋەب بولغۇچى ئەسكى ئىشتۇر. شۇ تۈپەيلى، يەنى دورامچىلىق سەۋەبىدىن پادىشاھنىڭمۇ ساڭا بولغان ئىشەنچى سۇسلاپ كېتىدۇ. باشقىلارنىڭ ھەم ساختىپەزلىك قىلىپ، دوراپ، سېنىڭ نامىڭدا خەت پۈتۈشىدىنمۇ ھەزەر ئەيلە. ھەر قەھىر ۋە پېقىر كىشىلەر ئۈچۈن نۆۋەتتە كەلگەندە بىرەر ئىشقا ياراپ قالار ياكى بىرەر مەنپەئەتى يېتىپ قالار دېگەن، ئۈممىدتە باشقىلارنىڭ خېتىنى ھەم دوراپ يېزىپ بېرىپ يۈرمە. ئەگەر شۇنداق قىلىش توغرا كەلسىمۇ، سەندىن گۇمان قىلغۇدەك ئورۇن قويما. بولۇپمۇ، پازىل ۋە ئالىم ۋە كاتىپلار ئالدىدا دورامچىلىق قىلىشتىن ساقلان. بولمىسا ئۇلارنىڭ سەندىن ئىشەنچى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، رەبىئ ئىبنى مەزھەرى ساھىب خانىنىڭ مۇنشىيى ئىدى. ئۇلۇغ كىشى ئىدى. ئەمما تولا چاغلاردا دوراپ خەت قىلىدىكەن. بۇ خەۋەر ساھىب خانىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ساھىب خان بۇ ئىش تۈپەيلى تەڭلىككە قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلەت، ھۈنىرى سەۋەبلىك ئۇنى ھالاك (بىر ياقلىق) قىلغىلى كۆزى قىيماپتۇ ۋە ياكى ئۆزىگە ھەم بۇ سۆزنى ئېيتالماپتۇ. ساھىب خان بۇ ئىشنى قايسى يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ساھىب خان كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرگىلى كەپتۇ. شۇ قاتاردا رەبىئ ئىبنى مەزھەرىمۇ كۆرگىلى كىرىپ:

— بىرەر نەرسە ئىچەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساھىب خان:

— پالانى شەربەتنى ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

رەبىئ مەزھەرى يەنە:

— كۆڭلىڭىز قانداق غىزاغا تارتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساھىب خان:

— سەن قىلغان تاماقتا. چۈنكى سېنىڭ دورامچىلىقىڭنىڭ ئىزاسى، يەنى خىجالەتچىلىكى ماڭا غىزا بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

رەبىئ مەزھەرى ساھىب خانىنىڭ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇئان:

— ئەي پادشاھ، سىزنىڭ مەن ئۈچۈن بۇ سىرلارنى ئاشكارا قىلمىغانلىقىڭىزنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ، مۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى ئەمدى ھەرگىز قىلمايمەن، — دەپتۇ.

ساھىب خان:

— ئەگەر ئېيتقىنىڭ بويىچە مۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلمىساڭ، ئىلگىرى قىلغانلىرىڭنى ئەپۇ قىلدىم، — دەپتۇ.

بەس، بىلگىلكىم، دورامچىلىق چوڭ ئىشتۇر. ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلماق كېرەك.

— بىلگىل، — ئەي ئوغۇل، ھەر كەسىپ، ھەر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانساڭ، شۇ ئىشنى ئۆز ئىقتىدارىڭغا تايىنىپ ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىل. سەن قىلغان شۇ كەسىپ، ھۈنەردە باشقىلار ئالدىڭغا ئۆتەلمىسۇن.

مەن ھەر بابتا مۇناسىپ سۆزلەرنى قىلىشقا تىرىشتىم. بىراق، گەپ ئۇزارغانسېرى مەقسەت يىراقتا قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئېيتماي قويمىدىم. بەس، ھەر تۈرلۈك ھال - ئەھۋال ۋە ئىشلارنى ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق ساڭا ئېيتتىم. ئەگەر قوبۇل قۇلىقى بىلەن ئىشتسەڭ، ئۇنىڭدىن تولا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن. مەلۇمكى، بىر چىراغ بىلەن نۇرغۇن چىراغلارنى ياندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر خۇدايى تەبارەك ۋە تائالا سېنى مۇنشىيلىقتىن ۋەزىرلىككە يەتكۈزسە، ئۇنىڭ شەرتلىرىنى كۆڭلۈڭدە ساقلاپ، ئەمەلدە كۆرسەتكەيسەن. تا ئۇنىڭغا لازىملىق، يەنى ۋەزىر بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەيسەن! سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭدا نۇقسان يول تاپالمىغاي، يەنى ھەربىر ئىشىڭدا كەمچىلىك كۆرۈلمىگەي. خۇدايى تەبارەك ۋە تائالا سەندىن ۋە سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭدىن رازى بولغاي!

## قىرىقىنچى باب ۋەزىر بولماقنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلىسەڭ، ئالدى بىلەن ۋەزىرلىكنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى، ھەممە ھېساب ئىلمىنى ياخشى بىل ۋە ئوبدان ئۆگەن. ھەممە ئىشلاردا پادشاھقا راستچىل بول. نېمەت ئىگىسىگە، يەنى پادشاھقا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىل. ھە دېسىلا ئۆزۈڭنىڭ كۆمچىگە چوغ تارتما. شەخسىيەتسىز بول. [ بىرەرسى ] ساڭا سوۋغا - سالام بەرسە، ئالدىراپ ئالما. مەلۇم مەقسەت - مۇددىئاسى بولمىسا، ھېچكىم ساڭا بىكارغا سوۋغا بەرمەيدۇ. [ سوۋغىنى قوبۇل قىلدىڭمۇ ] دەسلىپىدە ھېچ ئىش بولمىغىنى بىلەن، ھامان ئۇنىڭ سورىقى بولىدۇ. بەس، ھەر ۋاقىت پادشاھنىڭ ھوقۇق ۋە ھۆرمىتىنى ياخشى ساقلا. ئەگەر ئۆزۈڭ يېمەكچى بولساڭ، ئىككى قولۇڭدا يېگىن. تا بوغۇزۇڭغا تۇرۇپ قالمىغاي، يەنى ئىككىنى ئۆزۈڭ يېگەندە، بىرنى باشقىلارغا بەر. ئەمما ئەمەلدارلارنىڭ ئىلكىنى (پۇت - قولىنى) بىر يولى چۈشەپ قويما. شۇنى بىلگىنكى، كاۋاپنى ئوتتىن يىراق تۇتسا، خام قالىدۇ؛ بەك يېقىن تۇتسا، كۆيۈپ كېتىدۇ. بىر پۇلنى ئۆزگىگە بەرمىگۈچە، ئون پۇلنى ئۆزۈڭ يېيەلمەيسەن. شۇڭا باشقىلارنىمۇ مەلۇم نەپكە ئېرىشتۈر. ئاندىن ئۆزۈڭ يېگىن. ناۋادا

باشقىلار سەندىن ھېچبىر نەپكە ئېرىشەلمىسە، ئۇ ھالدا يېگەنلىرىڭنى يوشۇرۇپ قالالمايسەن. ئۇلار ھامان نېمەت ئىگىسىگە، يەنى پادىشاھقا دەپ قويىدۇ. شۇڭا ھەرقاچان پادىشاھ ئۈچۈنمۇ، لەشكەر ۋە پۇقرالار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئىنسابلىق بولغىن. ئازغىنا ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭگە يامان نامنى يۈكلىۋالما. چىشقا كىرىۋالغان گۆشنى ئېلىپ يېگىنىڭ بىلەنمۇ قورساققا پايدىسى يوق. يەنى چىشىنىڭ ئارىسىدىكى گۆش بىلەن قورساق تويمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، كىچىككىنە نەرسىنى دەپ لەشكەرلەرنى ۋە پۇقرالارنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالما. ئەگەر يېتەرلىك مال - دۇنيا جەمئ قىلماقنى ئارزۇ قىلساڭ، ۋەيرانە جايلارنى ئاۋات قىلغىن. تازا (پاك)، ھېسابسىز ۋە ئارزۇ قىلغىنىڭدىنمۇ كۆپ مال - دۇنياغا ئېرىشەلەيسەن. خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەرگەن بولىسەن.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، پادىشاھلاردىن بىرى ۋەزىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقا بىرىنى ۋەزىر قىلىش خىيالىدا بوپتۇ ۋە ۋەزىرگە:

— ۋەزىرلىكىنىڭ ئورنىغا ساڭا بىر كەنت بېرەي، ئۆز خەلقىڭ بىلەن شۇ يەردە ياشىغىن، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— ماڭا نېمەت ۋە مال - مۈلۈك لازىم ئەمەس. مەندە بارلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا تۇتتۇم. مېنىڭ ئاۋات يەرگە خاھىشىم يوقتۇر. ئەگەر ئىلتىپات قىلماقچى بولسىلا، ماڭا ۋەيرانە بىر جاينى بەرگەيلا. مەن ئۇ يەرنى ئاۋات قىلىپ، يەنى گۈللەندۈرۈپ، شۇ يەردە تۇراي، — دەپتۇ. پادىشاھ شۇئان پەرمان قىلىپ:

— ۋەيرانە يەردىن قانچىلىكىنى خالىسا، شۇنچىلىك بېرىڭلار، — دەپتۇ. خاس خادىملار ھەممە يەرنى ئىزدەپ پادىشاھلىققا تەئەللۇق پۈتۈن زېمىن ئىچىدىن ھېچقانداق ۋەيرانە كەنت ياكى جاينى تاپالماپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ پادىشاھقا:

— ھېچقانداق ۋەيرانە جاينى تاپالمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىپتۇ. ۋەزىر شۇ جايدا ھازىر ئىكەن. ئۇ پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھ، بىلىمەن. مەن باشقۇرغان، مېنىڭ ھوقۇقۇم جارىي بولغانلىكى يەرلەردە ھېچقانداق ۋەيرانچىلىق، يەنى ۋەيرانە جاي يوقتۇر. ئەمدىلىكتە مەندىن بۇ مەنسەپنى ئېلىۋېلىپ، باشقا بىرىگە بەرمەكچى بولىۋاتىدىلا. ناۋادا شۇنداق قىلسىلا، مەن ئاۋات قىلغاندەك يەنە ئاۋاتلىق بولارمۇ؟ — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزدىن ھەممە ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ، تون - سەرۇپاي ئىنئام قىلىپ، ۋەزىرلىكنى يەنە ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

مەقسەت شۇكى، ۋەزىرلىك ئىشىدا ئىمارەت بىنا قىلماق، يۇرتنى ئاۋات قىلماق، يەنى گۈللەندۈرمەك ۋە دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتمەك قاتارلىقلاردا تولا تىرىشچانلىق كۆرسەت. تا خالايىق ئارا تىلىڭ ئۇزۇن بولىدۇ. تۇرمۇشۇڭ ۋەھىمىسىز ۋە خاتىرجەم ئۆتىدۇ. ئەگەر لەشكەرلەر ئارىسىدا تەشكىلسىزلىك ۋە ئەنسىزچىلىك كۆرۈلسە، بۇ ياخشى ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا پادىشاھ بەرگەن ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كۆرسىتىپ يۈرمە. بولمىسا ئىشلىرىڭ تەتۈرىسىچە نەتىجە بېرىپ قالىدۇ. ئىمكان بار پادىشاھنى لەشكەرلەرگە ۋە پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىشقا، يەنى ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا تەر-

غىب قىلغىن. چۈنكى پادشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ مۇقىم ۋە بەرقارار (مۇستەھكەم) بولمىقى لەشكەرلەر بىلەندۇر. سەھرانىڭ ئاۋات بولمىقى دېھقان بىلەندۇر. ھەمىشە ئىمارەت قىلىش، يۇرتنى گۈللەندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەت.

شۇنى بىلگىنكى، جاھاندارلىق، يەنى جاھاننى ئىدارە قىلىش لەشكەر بىلەن بولىدۇ. لەشكەرنى ئوبدان تۇتۇش زەر (ئالتۇن) بىلەن بولىدۇ. زەر (ئالتۇن) مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. [ مەملىكەتنىڭ ] ئاۋاتلىقى ئادالەت بىلەن ئەل باشقۇرۇشتىن ھاسىل بولىدۇ. بەس، ئەدل ـ ئادالەت بىلەن ئەل سورىماقتىن ھەرگىز غاپىل بولما. ناۋادا خاتىرجەم ۋە دىيانەتلىك بولساڭمۇ ھەر ۋاقىت پادشاھتىن قورق. چۈنكى ۋەزىرنىڭ پادشاھتىن قورقمىقى ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ ۋاجىپتۇر. شۇڭا ۋەزىر پادشاھتىن ئۆزگىلەرگە قارىغاندا بەكرەك قورققاي! ھەتتا پادشاھ كىچىك ياشلىق، يەنى پادشاھزادە بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك سانىمىغىن. چۈنكى ئۆردەكنىڭ چۈجىسىگە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىش ھاجەت ئەمەس. دېمەك، بىرنەچچە زامان ئۆتمەيلا سېنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىڭنى ئاڭلايدۇ ـ بىلىپ بولىدۇ. ئەمما پادشاھزادە بالاغەتكە يەتكەن ـــ چوڭ بولغاندىمۇ ئىككى ھالدىن تاشقىرى بولماس: يا دانا بولىدۇ ۋە يا نادان. ئەگەر دانا بولسا، ياخشى ئامماللار بىلەن سېنىڭ قولۇڭنى ئەمەلدىن قىسقا قىلىدۇ؛ نادان بولسا، يامان ئامماللار (ۋاستىلەر) بىلەن سېنى مەنسەپتىن قالدۇرىدۇ. ھەر ھالدا دانا كىشىدىن (دانا پادشاھتىن) چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ بولسىمۇ جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن. ئەمما نادان كىشىدىن (نادان پادشاھتىن) تۈرلۈك چارە ـ ئامماللارنى قىلغىنىڭ بىلەنمۇ جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايسەن.

بۇنىڭدىن باشقا، پادشاھ ھەرقانداق يەردە بولسا، ئۇنىڭ قېشىدا بىللە بولغىن. پادشاھنى تەنھا تاشلاپ قويمىغىن. دۈشمەنلىرىڭ سېنىڭ يوقۇڭدا پۇرسەت تېپىپ، سېنى يامان دەپ، يەنى سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلىپ، پادشاھنىڭ كۆڭلىدە ساڭا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىپ قويمىغاي. نېئمەت ئىگىسىنىڭ، يەنى پادشاھنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى دائىم سوراپ ۋە ئاڭلاپ تۇرۇشتىن غاپىل بولما. ھەرقاچان ئۇنىڭ (پادشاھنىڭ) قېشىدا سېنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىڭ بولسۇن. تا بولۇنغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەردار بولالايسەن. يەنە بىرى، دۈشمىنىڭنىڭ مال ـ مۈلكىدىن خۇددى ئۆز پادشاھىڭنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئاگاھ بولغانغا ئوخشاش ئاگاھ بولغايسەن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، فەخرۇددەۋلەنىڭ زامانىدا ساھىب ئىسمائىل ئۇنىڭغا، يەنى فەخرۇددەۋلەگە ۋەزىر ئىدى. ساھىب ئىسمائىل پادشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىككى كۈن كەلمىدى. دىۋانخانىدىمۇ ئولتۇرمىدى. ياساۋۇل فەخرۇددەۋلەگە:«ئىككى كۈن بولدى، ساھىب ئىسمائىل ھېچ كىشىنى كىرگىلى قويمىدى. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرارمىش» دەپ خەۋەر قىلدى. پادشاھ:«ئەي ساھىب ئىسمائىل، بۇ ئىشىڭىزدىن مەن تەئەججۈپكە قالدىم. ناۋادا بۇ مەملىكەتتە ياكى باشقا بىر يەردە بىرەر ئىشقا مەشغۇللۇقىڭىز بار بولسا، ماڭا ئېيتىسىڭىز، مەن ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى قىلسام ۋە يا مەندىن سىزنى خاپا قىلىدىغان بىرەر سۆز ئېيتىلغانلىقىنى ئىشىتكەن بولسىڭىز، ئۇنى ماڭا مەلۇم قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى ئېيتسام بولماسمىدى» دەپ ياساۋۇلدىن گەپ ئېيتىپ بەردى. ساھىب ياسا-

ۋۇلدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ: «خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! پادىشاھ بەندىسى توغرىسىدا تەڭلىكتە قالسا، قانداق بولىدۇ؟! مەملىكەت ئىشى ھەم ئۆز نىزامىدا مۇستەھكەم تۇرۇپتۇ. پادىشاھ سائادەت ۋە بەختىيارلىق ئىچىدە خۇشال ـ خۇرام ھەم خاتىرجەم ئۆز مەشغۇللۇقى بىلەن بولغاي. پېقىرنىڭ بۇ دىلتەڭلىكىم، يەنى كۆڭۈلسىزلىكىم پات پۇرسەتتە كۆتۈرۈلۈپ كەتكۇسىدۇر» دېدى ۋە ئۇچىنچى كۈنى كېلىپ فەخرۇددەۋلەگە كۆرۈنۈش قىلىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. فەخرۇد دەۋلە ساھىبتىن:

— ئۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدى. ساھىب جاۋاب بېرىپ:

— كاشغەردىن خەۋەرچىم ماڭا خەت ئەۋەتىپتۇ. ئۇ خېتىدە: «پالانى كۈنى خاقان پالانى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ قېشىدا بىر سۆز دېگەنىدى. مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ نېمە سۆز بولغىيتتى؟» دەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ ھېچ خۇشاللىقىم قالمىدى — كۆڭلۈم پەقەتلا ئارامىدا بولمىدى. شۇنداق، خاقان كاشغەردە بىر سۆز دېگەن بولسا، مەن بۇ يەردە تۇرۇپ نېمە دېگەنلىكىنى قانداقمۇ بىلەي؟! مانا بۈگۈن خەۋەرچىم خاقاننىڭ شۇ كۈنى نېمە دېگەنلىكىنى ۋە شۇ سۆزنىڭ ئېسىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ خەت ئەۋەتىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن خۇشال بولدۇم. كۆڭلۈممۇ ئارامىغا چۈشتى، — دېدى.

— ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ لازىمدۇركى، ھەممە ئالەم پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولغايسەن ۋە ئۆز پادىشاھىڭنى ئۆزگە پادىشاھلار ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرغايسەن. تاكى پادىشاھ دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغاي. شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ ھەممە ئىشلاردا ئەستايىدىل ئىكەنلىكىڭ پادىشاھقا ھەم مەلۇم بولىدۇ.

خوش، ھەرقانداق بىر ئادەمنى بىرەر ئەمەلگە قويماقچى بولساڭ، ئۆز لايىقىدىكى ئىشقا قويغىن ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ياخشى چۈشەن. مال ـ دۇنيانى كۆپەيتىش تەمەسىدە يۇرتنى جاھىل ـ نادانلارغا تاشلاپ قويما. شۇنىڭدەك نامرات كىشىنى ئاقىللار قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ـ ئەمەللەرگە بۇيرۇما. چۈنكى نامرات كىشى شاخ ـ يوپۇرماقسىز قۇرۇق دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزى ئاۋۋال شاخ ـ يوپۇرماققا ئىگە بولماي تۇرۇپ، يەنە بىرىنى شاخ ـ يوپۇرماققا ئىگە قىلالمايدۇ. ناۋادا زىرائەتكە — قوغۇنغا سۇ بەرمەكچى بولساڭ، ئەگەر شۇ زىرائەتنىڭ — قوغۇننىڭ ئۆرىكى نەمرەك بولسا، سۇ زىرائەتكە — زىرائەتنىڭ يىلتىزىغا پات بارىدۇ. ئەگەر ئۆرەك قۇرۇق بولسا، ياكى سۇ كىرمىگەن بولسا، سۇ ئاۋۋال ئۆرەككە سىڭىپ، ئۆرەك سۇغا قانغاندىن كېيىن، ئاندىن زىرائەتكە يېتىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەمەل دەل ئەنە شۇنداق سۇ كىرمىگەن قۇرۇق ئۆرەككە ئوخشاشتۇر. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى تەڭشەپ بولۇپ، ئاندىن باشقا بىرىنىڭ ئۇچۇشىغا يول بېرىدۇ. ئومۇمەن، سېنىڭ پەرمانىڭغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆز كۆمىچىگە ئاۋۋال چوغ تارتىدىغان، يەنى ئۆز ئىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان كىشىگە ئەمەل بەرمىگىن!

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئەبۇلفەزل خان سۇھەيلى خوجەندىنى سەمەرقەندنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەپ، تون كىيدۈرۈپ پەرمان چىقارغانىدى. سۇھەيلى خوجەندى يولغا چىقىدىغان

كۆنى خوشلاشقىلى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە پادىشاھقا دۇئا قىلىپ، ئامان - ئېسەنلىك تىلەپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى ئېلىپ تەيىنلەنگەن ۋەزىپەمنى بېجىرگىلى ماڭغىلىۋاتىمەن. قولىڭىزغا بېشارەت بەرسىڭىز، ئاۋۋال قايسى ئىشنى قانداق پەرمان بىلەن بېجىرەي ۋە قايسى ئىشلارنى قىلغۇلۇق ۋە قايسى ئىشلارنى قىلمىغۇلۇق، قولىقىم پەرمانىڭىزدا.

ئەبۇلفەزل دېدىكى:

— ئەي سۇھەيلى، نەچچە ۋاقىت ۋە نەچچە زامانغىچە بۇنداق ئەندىشە ۋە ئوي - خىيال ئىچىدە يۈرۈيسەن؟! ئەمدى بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرغىن. مەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئالدىرىماي ئويلىشىپ كۆرەي. سېنىڭ بۇ سوئاللىرىڭغا ھازىرلا جاۋاب بەرگۈم يوق.

سۇھەيلى ئۆيىگە قايتتى. ئاندىن پادىشاھ دەرھال: «سۇھەيلى بىر يىلغىچە ئۆيىدىن چىقمىسۇن. تاكى ئۆز ئورنىدا زىنداندا تۇرغاندەك تۇرسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

پادىشاھ بىر يىلدىن كېيىن سۇھەيلىنى چاقىرتتى ۋە:

— كۆردۈڭمۇ، مەن ئىككى پەرمانىمنىڭ بىرىنى راست، بىرىنى يالغان چىقاردىم. مەن ھەرقاچان مەنسەپ ئىگىلىرىگە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئىشلەيدىغان بولۇشنى ئۆگىتىمەن. مەندىن قانداق ۋە قايسى تەرىقىدىكى ئەخمەقلىقنى كۆردۈڭ؟ مەن خەلقىمگە ھەرگىزمۇ بىپەرمانلىق قىلىشنى، يەنى پەرمانغا بويسۇنماسلىقنى ئۆگەتمەيمەن. مېنىڭ يارلىقىم بىرلا بولىدۇ. خالىسام دەيمەن، خالىمىسام دېمەيمەن. مېنىڭ ھېچكىشىدىن قورقۇنچۇم يوقتۇر. بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئاجىزلىق ھەم بوشاڭلىق قىلمايمەن. بۇ ئىشلاردا سەن ماڭا نىسبەتەن گۇماندا بولغاندەك قىلىسەن. پەقەت ئاجىزلارغا قارىتا شۇنداق گۇماندا بولساڭ بولاتتى. قارىغاندا سەن مېنى باشقىلارغا تايىنىپ سەلتەنەت سۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپسەن. شۇنى بىلگىنكى، مەن غەيرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىش بېجىرمەيمەن. مەن ساڭا ئەمەل بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە پەرمان چۈشۈردۈم. سەن بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ يالغان ھۆكۈم يۈرگۈزمىگىن. ئەگەر قول ئاستىڭدىكىلەر سېنىڭ پەرمانىڭچە ئىش قىلمىسا، ئۇلارغا ياخشى ئەدەب بەرگىن. تاكى ھاياتلىقىڭدا ھۆكۈمىڭ راۋان يۈرگۈزۈلىدىغان بولسۇن. شۇندىلا كېيىنكىلەر ھەم ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەزىرلەرنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىدىغان بولىدۇ، بەس.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ۋەزىر بولغۇچى، بىرى، ھەر ۋاقىت سادىق بولۇپ، يارلىقنى راۋان ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، پادىشاھنىڭ ھەرقانداق ھۆكۈمىنى ھەشەمەت ۋە داغدۇغا بىلەن بەجانىدىل ۋە جايى - جايىدا ئىجرا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان بولغاي. يەنە بىرى، ھاراق ئىچمىگەي. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ھاراق ئىچمەككە مەشغۇل بولسا، مەملىكەت ئىشىدا سەھۋەنلىك پەيدا بولىدۇ. خاتىرجەمسىزلىك يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ۋەزىر بولساڭ، [ ئالدى بىلەن ] ئۆزۈڭنى ياخشى ساقلا. ھەر ئىشنى مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك قىل. چۈنكى ۋەزىر مەملىكەتنىڭ پاسىبانىدۇر. پاسىبان چوقۇمكى ھەر ئىشتا قاتتىق قول بولمىقى كېرەك. تا پاسىبانغا يەنە بىر پاسىبان لازىم بولمىغاي!

ناۋادا ۋەزىرلىكتىن ئۆتۈپ باش قوماندانلىق ياكى پادىشاھلىقنىڭ دەرىجىسىگە يەتسەڭ، ئۇنىڭ شەرتلىرىنىمۇ ياخشى ئۆگەن ۋە دىلىڭدا مەھكەم ساقلا. تاكى ئىشلىرىڭ كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي تاپقاي. ۋەسسالام!

## قىرىق بىرىنچى باب  باش قوماندانلىقنىڭ بايانى

— بىلگىل، ئەي ئوغۇل، ئەگەر باش قوماندان بولساڭ، لەشكەرلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بول، ھەم ئۆزۈڭ بىۋاسىتە مەرھەمەت كۆرسەت ھەم پادىشاھ ئارقىلىق ياخشىلىق يەتكۈز. ھەمىشە سەگەك بول. لەشكەر تارتماق، سەپ تۈزمەك ۋە جەڭ قىلماقنىڭ يوللىرىنى ياخشى بىلگىن. جەڭ قىلىدىغان ۋە سەپ تۈزىدىغان كۈنلەردە ئوڭ ۋە سول تەرەپ لەشكەرلەرگە، لەشكەر باشلىقلىرىغا جەڭ قىلىش تەرتىپلىرىنى ئوبدان ئۆگەتكىن. جەڭ ئىشلىرىدا جاھان كۆرگەن، ھەممىدىن باھادىر ۋە قوۋمىنىڭ ئوبدانلىرىنى لەشكەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۇرغۇزغىن. لەشكەرنىڭ يۆلەنچۈكى شۇلار بولسۇن. گەرچە دۈشمەن ئاجىز بولسىمۇ، ئاجىز دەپ سەل قارىغۇچى بولما. جەڭدە ئالدىراقسانلىق ھەم قىلمىغىن. ئالدىراقسانلىق قىلساڭ لەشكىرىڭنى نابۇت قىلىسەن. يەنە قورقۇنچاق ۋە دىلىغول بولما. لەشكىرىڭنى قاچۇرۇپ قويىسەن. كۆز - قۇلاق ئەۋەتىپ دۈشمەن ھالىدىن خەۋەردار بولماقتىن ھېچ ۋاقىت غاپىل بولما. جەڭ ۋاقتىدا لەشكىرىڭگە خۇش چىراي، مەردانە كۆرۈنۈش بېرىپ، «دۈشمەن قانچىلىك كىشى ئىكەن، مەن بىر سائەتتىلا ئۇلارنىڭ روزگارىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن!» دېگەندەك گەپلەر بىلەن مەدەت بەر. ئەمما لەشكىرىڭنى بىر يولى، يەنى بىراقلا ھۇجۇمغا بۇيرۇما. توپ - توپ قىلىپ، ھەر توپنى بىر تۇغ (بايراق) بىلەن ماڭغۇز. ھەر توپقا بىر باش قوماندان تەيىنلەپ «ئەي پالانى، سەن بۇ توپنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆت» دەپ پەرمان قىل. جەڭ قىلىشقا يارىمىغانلارنى ئۆز قېشىڭدا تۇرغۇز. جەڭدە ئالدىدا ماڭغان، پىداكارلىق كۆرسەتكەن، باش كېسىپ كەلگەن ياكى ئات ئولجا ئېلىپ كەلگەن ۋە ياكى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە تۆھپىسىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ تون ۋە ئىنئام بەر. مائاشىنى زىيادە قىل. بۇنداق چاغدا مال - دۇنيانىڭ كۆزىگە قارىما. مال - دۇنيانى ئاياپ ئولتۇرما. پەس ھىممەتلىكنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالما. شۇندىلا مەقسىتىڭ تېز ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەم لەشكەر سېنىڭ ئارزۇيۇڭغا بېقىپ جەڭ قىلىدۇ. قىلغان ھىممىتىڭگە كۆرە جاسارەت كۆرسىتىدۇ. غەلىبىگە ئېرىشەلەيسەن. ناۋادا مەقسىتىڭگە يېتەلمىگەن، مۇرادىڭ ھاسىل بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلما. ئۆز ئورنىڭنى مەھكەم ساقلا. ئۆزۈڭگە بەك كۆچەپ كەتمە. ئىمكان بار باش قوماندانلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پۇرسەت تېپىپ جەڭنى داۋاملاشتۇر. تىرىشچانلىق كۆرسەت. ئەمما قاچماقنى ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە. ھەرقاچان ئۆلۈمگە ئۆزۈڭنى ئاتاپ تۇرغىن. ھەر كىم ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتاپ تۇرۇپ جەڭ قىلسا، ئۇنداق ئادەمنى ئاسانلىقچە ئورنىدىن تەۋرەتكىلى بولماس. شۇنداق قىلساڭ باش قوماندانلارنىڭ كامىلى بولالايسەن! نەزمە:

سىپەھسالار لەشكەرى ئولكى بىر لەشكەر شىكەن ئاخىر،

شىكەست ئۇلغاي ئانىڭدىن نەچچە لەشكەر لەشكەرى ئەگدا.

(باش قوماندان شۇنداق بولۇشى كېرەككى، لەشكەرلىرى ئۇنىڭدىن غەيرەت ـ شىجائەتكە ئېرىشەلەيدىغان؛ دۈشمەن لەشكىرى ئۇنىڭ جاسارىتىدىن ۋەھىمىگە قالىدىغان بولسۇن.)

ئەگەر غەلىبە قازانساڭ، قاچقان دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن ھەرگىز قوغلىما. قوغلىماقنىڭ خەۋپى كۆپتۇر. چۈنكى قوغلاپ بارساڭ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئاتام (ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرى بولغاي!) جەڭ يوللىرىنى، يەنى جەڭ قائىدىلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ھەرگىزمۇ قاچقان دۈشمەنىنىڭ كەينىدىن قوغلىمايتتى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئۇ:«قاچقان لەشكەر جاندىن تويار. شۇڭا جېنىدىن كەچكەن ھەرقانداق ئادەم بىلەن ئۈچەكەشمىگەن خوبتۇر» دېگەنىكەن. بەس، جەڭدە سەھۋەنلىك كۆرۈلمىگەي، دېسەڭ، قاچقانىنىڭ كەينىدىن قوغلىما. چۈنكى ئۇدۇل قاچقانىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما، ياندىن چىقىپ قالسىچۇ؟ تاساددىپىيلىقتىن خالىي بولماق تەس. ھەممە ئىشنىڭ سەن ئويلىغاندەك بولۇشى ناتايىن. بۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭدىن چىقارغۇچى بولما. ناۋادا جەڭ قىلىدىغان كۈنى تۇرغان جايىڭ ئويدان بولمىسا مەيلىكى، ئارقاڭدا ئويدان يەر بولسىمۇ، ھەرگىز قەدىمىڭنى ئارقىغا قويما، يەنى ياخشى يەردە تۇرىمەن، دەپ ئارقاڭغا چېكىنمە. چۈنكى بىر غېرىچ كەينىگە چېكىنسەڭ، لەشكىرىڭ سېنىڭ ھالىڭنى كۆرۈپ قاچىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. نەدە تۇرغان بولساڭ، شۇ يەردە مەھكەم تۇرۇپ جەڭگە ھازىرلان. بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭساڭ، ماڭغىنىڭكى، بىر غېرىچ كەينىگە قايتما. لەشكىرىڭ سېنىڭ ھەققىڭدە ھەر ۋاقىت مەردانە تۇرالايدىغان بولسۇن. لەشكەر ئىشىدا سېخىيلىقنى كۆپرەك لازىم تۇت. كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلىپ تۇر. كىيىم ئىنئام قىلىش ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ كۆڭلىنى ئۇت. بىر لوقما نان ۋە بىر پىيالە شارابنىمۇ لەشكەرسىز يېمە ۋە ئىچمە. نان بىلەن ئالغان كۆڭۈلنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىيىم بىلەن ئالغىلى بولماس. ھەمىشە لەشكەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش تۇتقىن. ئەگەر خالىساڭ لەشكىرىڭ سەندىن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان بولسۇن. شۇڭا سەن ناننى، يەنى يېمەك ـ ئىچمەكنى ئۇلاردىن ئايىمىغىن. ھەرقانداق ئىش خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرىگە باغلىقتۇر. ئەمما سەن رەھمەت تەدبىرلىرىنىڭ شەرتىنى بەجا كەلتۈرگىن. ناۋادا خۇدايىتائالا ساڭا ياخشى رەھمەت قىلىپ، سېنىڭ مەرتىۋەڭنى پادىشاھلىققا يەتكۈزسە، پادىشاھلىق شەرتلىرىنى ھەم ياخشى ئادا قىلغايسەن!

## قىرىق ئىككىنچى باب پادىشاھلىقنىڭ بايانى

ـــ بىلگىل، ئەي ئوغۇل، پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يېتەلىسەڭ، پارسا (خۇداجوي)، تەقۋادار پادىشاھ بولغىن. كۆزۈڭنى ۋە قۇلىقىڭنى خەلقنىڭ مەھرەملىرىدىن يىراق تۇتقىن. ھەر ئىشتا ئۆز رايىڭچە بولما. ھەممە ئىشلاردا ۋەزىرىڭ بىلەن كېڭەشكىن ھەم

مەسلىھەتىگە قۇلاق سال. پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى دانىشمەن سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ساڭا دۇشمەن بولمىسىلا، دوستلۇقنى كەم قىلما. ھەرقاچان ئالدىراقسانلىق قىلما، يەنى ئېغىر - بېسىق بول. بىرەر ئىش تۈپەيلى ھەرقانداق جايغا بارساڭ، ئاۋۋال شۇ بارغان يېرىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزەت. تا ئاخىرىنى كۆرمىگىچە، ئاۋۋىلىغا قاراپ بىر قارارغا كەلمە. ھەر ئىشتا ھۆرمىتىڭنى ساقلا ۋە مادارا قىلىشقا ئادەتلەن. ھەر ئىشنى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك، يەنى ئۆكتەملىك بىلەن بېجىرىشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمە. بۇ ھەقتە ھەزرىتى خاجە ھافىز مۇنداق يازغان:

ئاسايىش ئىزدەر ئېرسەڭ ئىككى جەھاندا، ئەي يار،
دوستۇڭغە قىل مۇرۇۋۋەت، دۇشمەنگە قىل مەدارا.

ھەممە سۆز ۋە ئىشلارغا ئادالەت كۆزى بىلەن قارا. ھەق ۋە ناھەقنى پەرق قىلالايسەن. ۋاقتىكى، پادىشاھ دانىشمەنلىك بىلەن كۆزىنى ئوچۇق تۇتمىسا، ھەق - ناھەق يوللىرى مەلۇم بولماس. ھەمىشە راست سۆزلۈك ۋە كەم كۈلكە بولغىن. قول ئاستىڭدىكىلەر ساڭا يەڭگىللىك قىلىدىغان بولۇپ قالمىسۇن. ھەكىملەر دەپتۇرلاركى:«پادىشاھ ئۈچۈن ھەممىدىن يامان ئىش — پۇقرالارنىڭ يەڭگىللىكى ۋە پەرمانىغا بويسۇنماسلىقتۇر.»

سېنىڭ ئىنئام - ئېھسانلىرىڭ ھەمىشە ھەقلىق يوسۇندا، ئۆز لايىقىدا تۆھپىكارلارغا يېتىپ تۇرسۇن. ئەمما ئۆزۈڭ كەم كۆرۈنۈشلۈك بول. ھەرقانداق ئادەم سېنى خالىغانچە كۆرەلمىسۇن. لەشكىرىڭ ۋە پۇقرالىرىڭغىمۇ سۈلغۈن ھالەتتە كۆرۈنگۈچى بولما، ھەم ئۆزۈڭنى ھەرقانداق ئەھۋالدا باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتما. خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىملىك بول. ئەمما بىرەھىملەرگە بىرەھىم بول. ئەيۋچانلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. لېكىن سىياسەت بىلەن يۇرت سورا. خۇسۇسەن ۋەزىرىڭگە كۆڭۈل سىرلىرىڭنى ئالدىراپ بىلدۈرۈپ قويما ھەم بىر يولى ئۇنىڭ رايىغا ھاجەتمەن بولۇپ قالما. بىرەر كىشىنىڭ ھەققىدە ھەرقانداق بىر سۆزنى قىلسا، ئاڭلا، ئەمما دەرھال ھۆكۈم قىلمىغىن. ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، راست - يالغىنىنى بىلگەندىن كېيىن مۇۋاپىق، يەنى زۆرۈر بولسا، ھۆكۈم قىلغىن. ھەرقانداق بىر كىشىگە ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بەرسەڭ، بارلىق ھوقۇق - مائاشىنى تولۇق - يېتەرلىك بەر. مەملىكەت ئىشلىرىدىن بەزىلىرى توختاپ قالمىغاي. ۋەزىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلىرىغا ياخشىلىق قىل. ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ۋە مائاشتىن قىسىلىپ قالمىغاي. ئەمما ۋەزىرنىڭ يېقىن - يورۇق ۋە تۇغقانلىرىنى ئەمەلدار قىلما. قۇيرۇقنى بىر يولىلا مۈشۈكنىڭ ئالدىغا تاشلىمىغان خوپتۇر. چۈنكى ھېچ ۋاقىتتا ۋەزىر بولغان كىشى ئۆز يېقىن - يورۇقلىرىغا ئالاقىدار ھېسابىنى راستلىق بىلەن بېجىرمەيدۇ ھەم سېنىڭ مال - مۈلكۈڭ، يەنى پايداڭ ئۈچۈن ئۆز يېقىنلىرىغا ئازار بېرىشنى خالىمايدۇ. يەنى شۇنى بىلگىنكى، ۋەزىرىنىڭ قوۋمىدىكىلەر ۋەزىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يەنى ۋەزىرىنىڭ ئەملىنى پەش قىلىپ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان بولىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇنداقلارنى ئەمەل تۆرىگە يېقىن يولاتقۇچى بولما. يەنە بىرى، ئوغرىلارغا رەھىم قىلمىغىن، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك كىشىنى ئەپۇ قىلما. ئەمما ئېھتىياتچان بول. قىساسكار ئادەملەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولغان تۈزۈك. چۈنكى ئېھتىيا-

سىزلىق تۇپەيلى پەيدا بولغان جاراھەتتىن ساڭا ھەم ئازاب يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. چاكار ۋە نەۋكەرلىرىڭگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بول. قويچى ۋە چاكارلىرىڭ گويا قويغا ئوخشاشتۇر. قويچى قويلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالمىسا، ھالاك بولىدۇ. ناۋادا بىرەر كىشىگە سەندىن بىرەر ئازار يەتكەن بولسا، يەنى سەن بىرەرسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويغان بولساڭ، قايتىلاپ ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپمۇ كەتمە. ھەرقانداق كىشىنى ئۆز لايىقىدا ئىشقا قوي. خىزمەتكارنى بىرەر ئىشقا بەند قىلىش ئارقىلىق باشقۇرماق كېرەك. لېكىن ھەرقانداق بىر كىشىنى بىرەر ئىشقا قويماقچى بولساڭ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۆز لايىقىدىكى ئىشقا قويغىن. ئەمما، شاراب خۇمار ئادەمنى خەزىنىدار قىلما. ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىشنى بېجىرىشكە لايىق، بۇيرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىگە بۇيرۇماق كېرەك. دېمەك، ھەر ئەمەلگە قارىتا لايىقىدا كىشى بولۇشى لازىم. تاكى تەنە قىلغۇچىلار ساڭا قارىتا — سېنىڭ ئىش تەقسىماتىڭ ئۈستىدە ئېغىز ئاچالمايدىغان، مەملىكەت ئىشىدا نۇقسان تاپالمايدىغان بولسۇن. ھەرقانداق ئادەم بۇيرۇلغان ئىشنى بىلمىسىمۇ، ھېچ ۋاقىتتا «مەن بىلمەيمەن» دېمەيدۇ. ئەمما، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ھامان نۇقساندىن خالىي بولمايدۇ. شۇڭا ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىگە تاپشۇر. ئۇ ھالدا باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىسەن. ناۋادا بىرەر چاكىرىڭغا (خىزمەتكارغا) ئىلتىپات كۆرسەتكۈڭ، مەرھەمەت قىلغۇڭ بولسا، قۇدرىتىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە پۇل ـ مال بېرىپ باي قىلغىن. ئەمما، ئەمەلگە بۇيرۇما. مەنسەپ بەرمە. پادىشاھلىق ئىشلىرىغا يولاتما. ئەگەر بىرەرسى سېنىڭ پەرمانىڭنى كۆزگە ئىلمىسا، ئۇ ھالدا سېنى كۆزگە ئىلمىغان بولىدۇ. چۈنكى پادىشاھنىڭ راھىتى پەرماننى جارىي قىلدۇرماق بىلەندۇر. پادىشاھ ئادەمىيلىك سۈرەتتە پۇقرالار بىلەن باراۋەر، يەنى ئوخشاش كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پادىشاھ ھامان پەرمان چۈشۈرگۈچى؛ پۇقرالار بولسا، پەرماننى قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئىسمى ئەبۇلفەتھ ئىدى. سۇلتان ئەبۇلفەتھنى نىسا شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئەبۇلفەتھ نىسا شەھىرىگە بېرىپلا بىر كىشىنى تۇتۇپ تامام مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، مال ـ مۈلكىنى ۋەخپە قىلىپ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلىدى. ئۇ كىشى نەچچە مەھەل زىنداندا يېتىپ، بىر مىكرى ـ ھىيلە بىلەن زىنداندىن چىقىپ غەزنەيىنگە كەلدى. بۇ دەل سۇلتاننىڭ دەۋا سورايدىغان كۈنى ئىدى. ئۇ سۇلتاندىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئۇ كىشىگە نامە پۈتۈپ بەردى. ئۇ كىشى نامىنى ئېلىپ يېنىپ نىسا شەھىرىگە بېرىپ، نامىنى ھاكىمغا بەردى. ھاكىم كۆڭلىدە «ئۇ كىشى مۇندىن كېيىن غەزنەيىنگە بارالمايدۇ» دەپ ئويلاپ نامىگە ئەمەل قىلماي، سۇلتاننىڭ پەرماننى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ كىشى يەنە غەزنەيىنگە بېرىپ سۇلتاننىڭ يولىنى توسۇپ تۇردى. سۇلتان باغدىن يېنىپ چىقىشى بىلەن، ئۇ كىشى يەنە ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان يەنە نامە پۈتۈپ بەردى. ئۇ كىشى:

— بىر مەرتىۋە كەلدىم، نامە پۈتۈپ بەردىلە. نامىنى ھاكىمغا كۆرسەتكەنىدىم،

ھاكىم نامىگە ئەمەل قىلمىدى، — دېدى. سۇلتان ئوڭايسىزلىنىپ:

— بۇ نامىنى ئېلىپ بار. ئەگەر ئۇ نامىگە ئەمەل قىلمىسا، بېشىڭغا توپا چاچ، — دېدى. ئۇ كىشى ئەجەبلىنىپ:

— ئەي پادىشاھ، نامىنى سىلى پۈتۈپ بەرگەن تۇرسىلا، ھاكىم قوبۇل كۆرمىسە، مەن بېشىمغا توپا چاچسام قانداق بولغىنى؟ — دېدى. سۇلتان:

— ئەي خاجە، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەگەر ھاكىم مەزكۇر نامىنى قوبۇل كۆرمىسە، ئەلۋەتتە مېنىڭ بېشىمغا توپا چاچمىقىڭ لازىمدۇر، — دېدى ۋە:

— شەھەر چوڭلىرىنى يىغىپ بۇ كىشىنىڭ تامام مال - مۈلكىنى ئېلىپ بېرىپ، ھاكىمنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار ۋە پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئىشتمىگەننىڭ سازاسى ئۇشبۇدۇر، دەپ جار سېلىڭلار، — دەپ دەرھال نەچچە غۇلامنى بۇيرۇدى. شۇندىن كېيىن يارلىق قوبۇل قىلمايدىغان ئىشقا خاتىمە بېرىلدى. ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىمۇ ئازار يېمەيدىغان بولدى. شۇ بىر سۆز بىلەن ھەممە ئادەم راھەت تاپتى.

ھېكايەت:

ھەزرىتى سۇلتان مەسئۇدنىڭ زامانىدا سۇلتان مەردانىلىك ۋە باھادىرلىق يوللىرىنى قولىغا ئېلىپ داڭق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن يۇرت باشقۇرۇش يوللىرىنى ياخشى ئىگىلىمىگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى كېنىزەكلەر بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولاتتى. يۇرت ئىشى بىلەن كارى بولمايتتى. شۇ سەۋەبلىك لەشكەرلەر پەرمان تۇتماس، يەنى پەرمانىغا بويسۇنماس بولدى. پۇقرالارنىڭ كۆڭلى قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىمۇ توختاپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىراق سەھرادىن بىر خوتۇن كېلىپ، ئادالەت تەلەپ قىلىپ سەھرادىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان نامە پۈتۈپ بەردى. ئەمما ھاكىم نامىگە ئەمەل قىلمىدى. ئۇ خوتۇن يەنە كېلىپ سۇلتانغا شىكايەت قىلدى. سۇلتان يەنە نامە پۈتۈپ بەردى. خوتۇن دېدى:

— ئەي پادىشاھ، ئۆتكەندە بىر نامە پۈتۈپ بەرگەنىدىلە، ئاپارسام ھاكىم نامە بويىچە ئىش قىلمىدى.

سۇلتان دېدىكى:

— مەن نامە پۈتۈپ بەردىم. ۋاقتىكى، ئۇ نامىگە بېقىپ ئىش قىلمىسا، مەن قانداق قىلاي؟!

خوتۇن دېدى:

— ئەي پادىشاھ، يۇرتنى باشقۇرالىسىڭىز تۈزۈك باشقۇرۇڭ، خەلق پەرمانىڭىزنى ئاڭلايدىغان، سىزدىن قورقىدىغان بولسۇن. بولمىسا، باشقا بىرىگە قويۇپ بېرىڭ، ئۇ يۇرتنى سوراپ پەرماننى جارىي قىلدۇرغاي. سىز ئەيش - ئىشرىتىڭىزنى قىلىپ يۈرۈۋېرىڭ. تا خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرى سىزنىڭ ھاكىملىرىڭىزنىڭ قولىدا ۋەيرانە بولۇپ كەتمىسۇن.

سۇلتان ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىدىن تولىمۇ خىجىل بولدى ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇل خوتۇننىڭ دەۋاسىنى ھەل قىلىپ، ھاكىمنى دارغا ئاستۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۆزى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. شۇندىن كېيىن ھەممە ئادەم خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ھېچكىم سۇلتاننىڭ پەرمانىدىن چىقمايدىغان بولدى.

— بىلگىنكى، پەرمانى راۋان بولمىغان پادىشاھ، پادىشاھ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى پادىشاھ بىلەن ئۆزگىنىڭ پەرقى پەقەت پەرمان بىلەندۇر. پەرماننى قوبۇل تۇتتۇرماق سىياسەت بىلەندۇر. شۇڭا پەرمانىم يۇرۇشكەي ۋە جارىي بولغاي دېسەڭ، سىياسەت يۈرگۈزمەكتە ھەر ۋاقىت سەھۋەنلىك سادىر قىلمىغايسەن. يەنە بىرى، لەشكەرنى پۇقرادىن ئۈستۈن قويما. بولمىسا، مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ. ئەلۋەتتە، پۇقرالارنىڭ مەسلىھەتى، يەنى پۇقرالارغا بولغان مۇئامىلە بىلەن لەشكەرنىڭ مەسلىھەتى، يەنى لەشكەرگە بولغان مۇئامىلە ئوخشاش بولمىقى لازىمدۇر. دېمەكچىمەنكى، پادىشاھ ئاپتاپقا (قۇياشقا) ئوخشاش بولۇشى كېرەك. ئەگەر بەزىسىگە نۇر ئارتۇقراق چۈشسە ۋە بەزىسىگە كەمرەك چۈشسە، ئۇ قۇياشنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا پادىشاھ بولغۇچى خەلقنى ئەدل ـ ئادالەت بىلەن باشقۇرغاي، چۈنكى مەملىكەت خەلق بىلەن ئاۋات بولىدۇ؛ مەنپەئەت ھەم خەلق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ھەرقاچان مەملىكەت ئىشىدا ئادالەتسىزلىككە قىلچە يول بەرمىگىن. ئادالەتلىك پادىشاھلارنىڭ ئۆيى — سەلتەنەتى ئۇزاق تۇرالايدۇ. ئادالەتسىز پادىشاھلارنىڭ ئۆيى — سەلتەنەتى پاتلا غۇلاپ چۈشىدۇ. مەلۇم بولدىكى، ئادالەتنىڭ مەنىسى — ئاۋاتلىقتۇر. ئادالەتسىزلىكنىڭ مەنىسى — ۋەيرانلىقتۇر. ھۆكۈمالار: «پادىشاھ ئادالەتپەرۋەر بولسا، ئالەم گۈللىنىدۇ — ئاۋات بولىدۇ؛ ئەگەر پادىشاھ ئادالەتسىز ـ زالىم بولسا، ئالەم ۋەيران بولىدۇ» دېگەن. خۇدايتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلىمىگە قارىتا سۈكۈت قىلما. ھەمىشە خىلۋەتنى دوست تۇتىدىغان ئىشنى ھەم قىلما. چۈنكى، سەن لەشكەردىن ۋە خەلقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ، خەلق ۋە لەشكەرمۇ سېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. لەشكەرنى ۋە خەلقنى ياخشى ۋە ئوبدان تۇتماقتا سەھۋەنلىك سادىر قىلما. ئەگەر سەۋەنلىك سادىر قىلساڭ، ئۆزگىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما، لەشكەرنى بىرلا تائىپە (قەبىلە)دىن تەشكىل قىلغۇچى بولما. پادىشاھ چوقۇمكى لەشكەرنى ھەر جىنستىن، يەنى ئوخشىمىغان قەبىلە كىشىلىرىدىن تەشكىل قىلمىقى لازىمدۇر. چۈنكى لەشكەر توپى بىر قەبىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالسا، بىر ـ بىرىگە ئېجىل ۋە ئىناق بولۇۋېلىپ، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغىلى بولمايدۇ. باشقۇرۇشمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئۆزئارا نازارەت قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، لەشكەر تەشكىللىگەندە ئىمكان بار بۇ قەبىلە كىشىلىرىنى ئۇ قەبىلە كىشىلىرى بىلەن ياكى ئۇ قەبىلە كىشىلىرىنى بۇ قەبىلە كىشىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇتماق كېرەك. شۇندىلا بۇ قوۋم ئۇ قوۋمنىڭ ۋەھىمىسىدىن ياكى ئۇ قوۋم بۇ قوۋمنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ پەرمانغا بويسۇنمايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. شۇنى بىلگىنكى، سېنىڭ پەرمانىڭ ھەر ۋاقىت لەشكەرلەر ئارا ياخشىلىق قىلمىقىڭ بىلەن جارىيدۇر. بىلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ تۆت مىڭ تۈرك ۋە تۆت مىڭ ھىندى لەشكىرى بار ئىدى. ھەمىشە ئۇنى بۇنىڭغا ۋە بۇنى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ باشقۇراتتى. شۇڭا بۇ ئىككى قوۋم ھەرقاچان ئۇنىڭ ئىتائىتىدە ئىدى.

— ئەي ئوغۇل، لەشكىرىڭنى ھەر ۋاقىت ئاش ـ نان ۋە شاراب بىلەن مېھمان قىلىپ تۇر. كىيىم ۋە ئىنئام بىلەن كۆڭلىنى ئېلىپ ئۈمىدلىك قىلغىن. ئەگەر بىر كىشىگە ئىنئام بەرمەكچى بولساڭ، ناۋادا بەرمەكچى بولغان نەرسەڭ ئاز بولسا، ھەرگىزمۇ خەلق ئارىسىدا، كۆپچىلىك بار يەردە ئاشكارا قىلما ھەم تىلىڭغا ئالما. باشقا

بىرىگە ھەم بىلدۈرمە. شۇندىلا ھىممەتسىزلىك — كۆزى كىچىكلىك قىلغان بولمايسەن. ئىككى ئىش تۈپەيلى سەھۋەنلىك سادىر بولىدۇ: بىرى، پادىشاھلىققا لايىق ئىش قىلالمىغان بولساڭ؛ يەنە بىرى، كىشىلەرگە بولغان ھىممىتىڭنى كۆپچىلىككە ئاشكارا قىلىپ، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەكچى بولساڭ.

مەن سەككىز يىل غەزنەيىندە سۇلتانىنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. لېكىن ئۇنىڭدىن مۇنداق ئۈچ ئىشنى ھەرگىز كۆرمىدىم: بىرى شۇكى، ئۇ ھەرقانداق كىشىگە ئىنئام بەرسە، قىممىتى ئىككى يۈز ئەشرەفىي (ئاقچا)دىن كەم نەرسە بولسا، ئىنئام ئالغۇچىدىن باشقا ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەيتتى؛ ئىككىنچى، چىشلىرى كۆرۈنگىچە كۈلمەيتتى، يەنى ئاغزىنى ئېچىپ ياكى قاقاقلاپ كۈلمەيتتى؛ ئۈچىنچىسى شۇكى، ئەگەر كىشىگە ئاچچىقى كېلىپ دەشنام بەرمەكچى بولسا، «ھىممەتسىز» دېگەن سۆزدىن بۆلەك سۆز بىلەن دەشنام قىلمايتتى. ئاڭلىشىمچە، رۇم پادىشاھلىرىنىڭمۇ ئادىتى شۇنداق ئىكەن. رۇم پادىشاھلىرىدا شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلار كۆپ. ئەمما ئەجەم پادىشاھلىرىدا ئۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلار يوق...

— ئەي ئوغۇل، ئەمدى ئۆز سۆزۈمگە كېلەي. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، سېنى ھېچكىم سېخىي بولۇشقا زورلىمايدۇ. «سېخىي بول» دەپ ھەم زورلۇق قىلالمايدۇ. ئەمما ھېچقاچاندا تۆۋەن ھىممەتلىك بولمىغىن. ھەتتا خاراكتېرىڭدە (تەبىيىتىڭدە) بولغان تەقدىردىمۇ، خالايىق ئالدىدا چاندۇرۇپ يۈرمە. ساخاۋەت قىلمىساڭ، گەرچە ساڭا ھېچنېمە دېمىگەن بىلەن، كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ ھالدا سەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالساڭ، ھېچكىم ساڭا جان پىدالىق كۆرسەتمەيدۇ. ھەتتا دۈشمىنىڭنى دوست تۇتۇشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پادىشاھلىق شارابىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا مەغرۇرلىنىپ كەتمە. مۇنۇ ئالتە ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك سادىر قىلمىغايسەن: بىرىنچى، ھەيۋەت (سىرتقى كۆرۈنۈش، سالاپەت)؛ ئىككىنچى، ھىممەت (سېخىيلىق)؛ ئۈچىنچى، ئىنئام، ئېھسان؛ تۆتىنچى، ياخشىلىق، مۇرۇۋۋەت (ياخشى مۇئامىلە)؛ بەشىنچى، ئېغىر ـ بېسىقلىق (ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق)؛ ئالتىنچى، راستچىللىق (راست سۆزلەش). قاچانكى، سەن مەغرۇرلۇق مەستلىكىگە يېقىنلاشماي دېسەڭ، بۇ ئالتە ئىشتىن يىراق بولما. يەنە بىرى، ئۆزگە ئەل پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ھەرقاچان غاپىل بولما. ئەل ئىشىدا شۇ قەدەر پۇختا بولغىنكى، ھېچ پادىشاھ سەن توغرۇلۇق بىرەر سۆز دېيەلمىگەي ۋە بىرەر ئىش قىلالمىغاي. ھەر ۋاقىت ھوشيار بول!

ئىلگىرىكى پادىشاھلار توغرىسىدا ئاتام بۇزرۇكۋاردىن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئىشىتكەنىدىم.

**ھېكايەت:**

فەخرۇد ۋەلى بۇرادىرى ئەزدۇد ۋەلىدىن قېچىپ ھېچيەردە تۇرغىدەك ماكان تاپالماي، ئاخىرى بوۋام قابۇس ئىبن ۋەشمىگىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئامانلىق (پاناھلىق) تىلەپتۇ. بوۋام ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ھەمشىرەمنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بېرىپتۇ ۋە بۇ مەرىكە ئۈچۈن ئىنتايىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىپتۇ. چۈنكى مېنىڭ مومام فەخرۇد ۋەلىنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقان ئىدى. ئەزدۇد ۋەلى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ شەمسۇل ـ مەئالىغا ئەلچى كېـ

لىپ نامىنى بېرىپتۇ. نامىدە كۆپتىن ـ كۆپ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن شۇنداق يېزىلغانىكەن:

«مەلۇم بولسۇنكى، بۇرادىرىم سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېرىپتۇ. سىزگە مەلۇم، سىز بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكى دوستلۇق ۋە بۇرادەرلىك مەڭگۈلۈكتۇر. سىزنىڭ ئۆيىڭىز بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ پەرقى يوقتۇر. ئەمما ئۇ بۇرادىرىم مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. مۇمكىن بولسا، ئۇنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز. مەن بەزى ۋىلايەتلىرىمنى سىزگە بەرسەم. دوستلۇقىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەم قارار تاپقان بولاتتى. ناۋادا يامان ئاتاقتا قېلىشتىن ۋەھىمە يەپ، ئۇنى بۇياققا ئەۋەتىشتىن ئەندىشە قىلسىڭىز، شۇ يەردە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ھەم مەقسىتىم ھاسىل بولغان بولاتتى. سىزمۇ يامان ئاتاققا قالمايتتىڭىز.»

شەمسۇل ـ مەئانى نامە پۈتۈپ دەپتۇكى:

«سۇبھانالللا، سىزدەك ئۇلۇغ كىشىدىن مەندەك بىر كىشىگە بۇ قاتارلىق سۆزلەرنى ئېيتىش نە لازىم. مەن مۇنداق ئىشنى قىلىپ تا قىيامەتكىچە بەدنامدا قالسام، راۋا بولارمۇ؟ !»

ئەلچى دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھ، ئەزدۇد ۋەلىدەك دوست ـ بۇرادىرىڭىزنى فەخرۇد ۋەلىنى دەپ قولدىن چىقىرىپ قويماڭ. بىزنىڭ پادىشاھ سىزنى بىر تۇغقان بۇرادىرىدىن ھەم يېقىنراق دوست دەپ بىلىدۇ. ھەتتاكى مېنى بۇ تەرەپكە ماڭدۇرغان كۈنى ئەزدۇد ۋەلى سىز توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ:«خۇدايىتائالا بىلىدۇكى، مەن شەمسۇل ـ مەئانىنى كاتتا دوستۇم دەپ بىلىمەن. ئاڭلىشىمچە، ئۆتكەن ئاينىڭ نەچچىسى شەنبە كۈنى شەمسۇل ـ مەئانى ھامامغا بېرىپتۇ. يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرگىنىۋاتقاندا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مەن ھېسابسىز غەمدە قالدىم. شەمسۇل ـ مەئانىغا تېخى ئەمدىلا قىرىق يەتتە ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق قېرىلىق يېتىپتۇ. قۇۋۋەت ـ ماغدۇرىدىن قاپتۇ.»

ئەلچىنىڭ بۇ سۆزلەرنى دېيىشتىن غەرىزى «مېنىڭ پادىشاھىم سىزنىڭ تامام ئەھۋالىڭىزدىن تولۇق خەۋەرداردۇر» دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەن. بۇ ھەم ئەزدۇد ۋەلىنىڭ تەلىمى ئىدى. شەمسۇل ـ مەئانى شۇئان:

— ئەزدۇد ۋەلىنى خۇدايىتائالا مەڭگۈ ئامان تۇتقاي، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماقۇل كۆردۇم. ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ غېمىم باردۇر. خەۋەردار قىلايكى، پالانى ئاينىڭ نەچچىسى شەنبە كۈنى ئەزدۇد ۋەلى بىر كۈن كېسەل بولدى. كېچىسى پالانى يەردە شاراب ئىچىپ، شۇ يەردە ئۇخلاپ قالدى. كېچىدە ئۆگزىدىن چۈشكىچە ئايىغى تېيىلىپ كېتىپ، شوتىدىن يىقىلىپ بېقىنىنى ئاغرىتىۋالدى. مەن شۇ ئىش تۈپەيلى بىسيار مالال بولدۇم (قايغۇردۇم). ئەمدىلا قىرىق ئىككى ياشقا كىرگەن پادىشاھ شاراب ئىچىپ ئۆگزىدىن چۈشەلمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان ئەھۋالدا، تۈن يېرىمىدا ياتقان يېرىدىن قوزغالمىسا بولاتتى، — دەپ بۇ قاتارلىق ھادىسە، ۋەقەلەردىن ئۆزىنىڭمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئەلچىگە بىلدۈرۈپ قويۇپتۇ.

دېمەكچىمەنكى، ھەر ۋاقىت ئۆزگە پادىشاھلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىن. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن غاپىل بولما. ناۋادا غاپىل بولساڭ،

ئۆزۈڭدىن، ئۆزۈڭنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن غاپىل بولغان بولىسەن. يەنە بىرى، ئەتراپىڭدىكى ھەمتەڭ پادىشاھلار بىلەن دوستانە ئۆت. دوست بولالمىغان تەقدىردىمۇ دۈشمەنلىشىپ قالما. ناۋادا دۈشمەنلىشىپ قالساڭ، ئاشكارا دۈشمەنلىشىپ يۈرمە. ئاڭلىشىمچە، ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغىلى بارماقچى بوپتۇ. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— ئەي پادىشاھ، دۈشمەن ھازىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىدۇر. شۇڭا كېچىلەپ ھۇجۇم قىلماق كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بېرىشىپتۇ. ئەمما ئىسكەندەر دەپتۇكى:

— ئوغرىلىقچە غالىب كەلگەنلىك پادىشاھلىقنىڭ ئىشى ئەمەس. يوشۇرۇن (ئوغرىلىقچە) قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە شەرەپ ھېسابلانمايدۇ.

پادىشاھلىقتا ئۇلۇغ ئىشلارغا، يەنى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەنگەيسەن. چۈنكى پادىشاھ ھەممە كىشىدىن ئۇلۇغدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئۇلۇغ بولغاي!

بەس، يۇقىرىدا ئېيتتىمكى، ھىممەتسىز كىشىنىڭ ئالەمدە نامى چىقماس. نام ـ نىشانىمۇ بولماس !

ۋاقتىكى، نامە ۋە يارلىقنى ئەزىز تۇتقىن. ھەرقانداق چاغدا يامان (بەدنىيەت)، پەس (ھىممەتسىز) كىشىلەرگە نامە بەرمە. ئەگەر نامە بېرىش زۆرۈر بولسا، مەسىلەن، كاتتا ئىنئام ياكى مائاش ئۈچۈن بىرەر ۋىلايەت ـ ئورۇننى بەرمەكچى بولساڭ، ئۇ ھالدا نامە بەرسەڭ بولىدۇ. ھەرقاچان چۈشۈرگەن يارلىق ۋە پۈتكەن نامەڭگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلغۇچى بولما. ناۋادا ئاشكارىلانغان، ھەممە كىشى بىلىدىغان بولسا، تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى دېگەن سۆزگە خىلاپلىق قىلىش كىشىنىڭ رايىنى قايتۇرۇۋەتكەنگە باراۋەردۇر.

مەن پادىشاھلىقنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە شۇنچىلىك توختالدىم. دەرۋەقە، پادىشاھلىق ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئىشتۇر. ئەمما خالىغان بىرسىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ناۋادا ساڭا باشقا ئىشلارنى قىلىش نېسىپ بولسا، مەسىلەن، دېھقانچىلىق ۋە ياكى ئۆزگە ھۈنەر ـ كەسىپ دېگەندەك، بۇلارنىڭمۇ شەرتلىرىنى (يول ـ قائىدىلىرىنى) ئوبدان ئۆگەن. ھەرقانداق ھۈنەر ـ كەسىپنى ياخشى قىلىشقا ئادەتلەن. ھەر ئىشنىڭ ئىشلەشكە تېگىشلىك ۋاقتىنى ۋە تەرتىپىنى ياخشى ئىگىلە. تا قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭ ھەمىشە راۋان بولغاي!

## قىرىق ئىككىنچى باب دېھقانچىلىقنىڭ بايانى

— بىلگىل، ئەي ئوغۇل، دېھقان بولساڭ، دېھقانچىلىقنىڭ يوللىرىنى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى، ۋاقىت ـ پەيتلىرىنى ياخشى بىل. ھەر نېمە تېرىماقچى بولساڭ، ۋاقتى ئۆتمەستە تېرىغىن. ئەلۋەتتە، ئون كۈن كېيىن تېرىغاندىن ئون كۈن ئىلگىرى تېرىغان خوبتۇر. دېھقانچىلىقتا لازىملىق ھەرقانداق ئەسۋابنى جۈپتى بىلەن ساقلا. ئۇيلارنىڭ ئوبدىنىنى ئال ۋە بوغۇز بېرىپ باق. ھەمىشە بىر جۈپ ئۇينى ئايرىپ سېمىز تۇت. مۇبادا بىر ئۇي ئاغرىپ قالسا، بىرىنى ئىشلەت. بولمىسا، قىلىدىغان ئىشىڭ توختاپ قالىدۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. تېرىيدىغان ۋە يىغىلىۋالىدىغان چاغدا

قىينىلىپ قالىسەن. يەر ئاغدۇرماقتىن ھەر ۋاقىت غاپىل بولما. كېلەر يىلى قىلىدىغان تېرىقچىلىقنىڭ تەدبىرىنى بۇ يىل قىلىۋال. ھوسۇل ئالاي، ئەمگىكىم زايا بولمىسۇن، دېسەڭ، ھەرقانداق چاغدا زىرائەت تېرىيدىغان يەرنى ئوبدان تاللا ۋە ئوبدان يەرگە تېرىغىن. تا دېھقانچىلىقتىن مەنپەئەت كۆرەي دېسەڭ، دائىم بىكار تۇرماي ئىشلە!

ئەگەر باشقا ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانماقچى بولساڭ، تېز ۋە ئوبدان قىلىدىغان بول. خېرىدارىڭ كۆپ بولىدۇ. قىلماقچى بولغان ئىشنى كەسىپداشلىرىڭدىن ياخشى ئىشلە. ھەممە ئاز سودىغا قانائەت قىل. تۇختىتىپ ياكى كۆپ ساقلىتىپ خېرىدارنى قاچۇرۇۋەتمە. تا ھۈنىرىڭ ئارقىلىق رىزقىڭ پاراۋان بولغاي !

كىشىلەر سودىنى تولىراق مەن بىلەن قىلىدىغان بولسۇن دېسەڭ، خېرىدارغا يۇمشاق، سىيلىق سۆزلە. يۇمشاق سۆزلىسەڭ، سىيلىق مۇئامىلىدە بولساڭ، خېرىدارمۇ سودىدا باھا تالىشىشتىن خىجىل بولىدۇ. مەقسىدىڭمۇ ھاسىل بولىدۇ. شۇندىلا سېنىڭ رىقابەتچىلىرىڭ، ئۆزگە ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەسىپداشلىرىڭ ھەسەت قىلىپ ساڭا ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بازاردا ھەم شۆھرىتىڭ زىيادە بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىشتا راست سۆزلىمەكنى ئادەت قىل. خۇسۇسەن، خېرىدارلىرىڭغا راستچىل بول. بېخىللىق قىلما. لېكىن ئۆزۈڭگە مەھكەم بول. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە يول قوي. ئاياللار ۋە گۆدەكلەر بىلەن ئارتۇقچە مۇئامىلىدە بولما ھەم ئۇلار بىلەن جېدەل ـ غوۋغا قىلىشمىغىن. غېرىب ـ مۇساپىرلارغا مەرھەمەتلىك بول. سودا ئىشىدا بەك خىجىل، يەنى تارتىنچاق بولۇپ كەتمە. ھەر ئىشنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىل. پادىشاھىڭغا راستچىل بول. لېكىن پادىشاھىڭنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى تولا ئارزۇلاپ كەتمە. ھەمتەڭلىرىڭگە خىيانەت قىلما. تونۇشلارغىمۇ، ناتونۇشلارغىمۇ ئوخشاش مۇئامىلىدە بول. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوخشاش قىلىپ بەر. پەرق كۆرۈلۈپ قالمىسۇن. ئەگەر سېنىڭ قولۇڭغا قاراپ قالغان بولسا، قەرز بەرمەكنى غەنىيمەت بىل. ھەرگىز يالغان ۋەدە بەرمە ۋە قاتتىق مۇئامىلىدە بولما. ناۋادا بىرەرسىدە قەرزىڭ بولسا، ئۇنىڭ دەماللىققا قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، قەرزىمنى بەر دەپ تولا قىستىما. قوپاللىق ھەم قىلما. ھەر ئىشتا كۆڭۈللۈك، ئوچۇق چىراي بول. ئەمما تىجارەت ئىشلىرىم خەيرلىك، بەرىكەتلىك بولغاي دېسەڭ، خۇدادىن قورق. ھەرقانداق ھۈنەرۋەن ئۇشبۇ تەرتىپتە بولسا، ئالەمنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن مەرد، سېخىي سانىلىدۇ.

ھەر قوۋم ۋە ھەر تائىپەنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى، يەنى ھۈنەر ـ كەسىپلىرى بىر تەرتىپلىق بولىۋەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە خاس تۇتقان يولى بولىدۇ. ئەمما مەن ئالاقىدار ھۈنەر ـ كەسىپلەر توغرىسىدا بىلگىنىمچە ئاز ـ تولا بايان قىلدىم. ئەمدى، بۇ ئاخىرقى بابتا ھەر جىنسنىڭ، يەنى ھەر تۈردىكى ئىشلارنىڭ شەرتلىرى، ئۆزگىچىلىكلىرىنى قالدۇرماي بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئىنشائاللاھتائالا ۋە تەقدىس (بۈيۈك ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك تەڭرىم خالىسا!).

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، دوتسېنت)




## موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### ئەسلىدىكى ھېكايەتنىڭ داۋامى[1]

بىلمەك كېرەككى، كەشمىرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئەھۋالىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، سۆزىمىز: «ئۇلارنىڭ تار ئۆتكەلىدىن ئاسانلىق بىلەن ئۆتۈپ، كەشمىر شەھىرىگە كىردۇق» دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كەشمىر لەشكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى. شەھەر خەلقى ھەممىسى ئۆيلىرىنى تاشلاپ، تاغ ۋە دەريالارغا قاچتى. ئۇلارنىڭ بارلىق مۈلۈك ۋە ئەسۋابلىرى ئۆيلىرىدە ئۆز ئورنىدىلا قالغانىدى. پېقىر يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەن راجدان دېگەن ئىمارەتكە چۈشتۈم. راجداننىڭ ئەتراپىغا مۇھاپىزەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى قورشاۋ شەكلىدە ئورۇنلاشتۇردۇق. نەچچە كۈنگىچە شۇ يەردە تۇردۇق. كەشمىر لەشكىرىدىن ھېچ ئەسەر سېزىلمىدى. تاكى يىگىرمە [ تۆت ] كۈنگىچە شۇ يەردە تۇردۇق، [ ئەسكەرلىرىمىز بىلەن ] ئات ـ ئۇلاغلىرىمىز ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىلگىرىكى ھالىتىگە كەلدى.

كەشمىر لەشكەرلىرى شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى، شەھەرگە ئىككى فەرسەخ يىراقلىقتىكى بىر پاتقاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراقلاشقان ئىكەن، ئۇلار ئاشكارىلاندى. چارە ـ تەدبىرلىك كىشىلىرىمىز مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق دېيىشتى:

ـــ بىزنىڭ شەھەرنى ساقلىغىنىمىزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەڭ ياخشىسى بىز شەھەردىن چىقىپ، جەڭ قىلىش پۇرسىتىنى تاپايلى. چۈنكى، كەشمىر لەشكىرى سان ۋە كۈچ جەھەتتە بىزدىن ئارتۇق، بىز پۇرسەتنى تېپىپ ھىيلە ئىشلەتكەندىلا، ئۇلارغا زەربە بەرگىلى بولىدۇ. نەزم:

[1] بېشى ئۆتكەندىكى ساندا.

*چۇ تەدبىر گىلە مۇشكىل گولغۇسى ھەل،*
*كى بىھۇدە تاپمە گەدۇدىن خەلەل.*

چارە ـ تەدبىر ئىگىلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە ئەمەل قىلىپ، شەھەردىن كۆچتۇق ۋە كەشمىر لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدىن ياسال (سەپ) بىلەن ئۆتۈپ، كەشمىرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بەكلەنە ئاتلىق يەردە مەنزىلگاھ قۇردۇق.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، شۇ يىلى جامادىيەلئاخىر — بۇ كۈز ۋاقتى ئىدى — نىڭ ئاخىرىدىن ياكى شەئبان ئېيىغىچە — بۇ ئەتىياز پەسلى ئىدى — بولغان مۇددەت ئىچىدە بىر مەزگىل كەشمىر لەشكەرلىرىدىن قېچىپ يۈردۇك. شۇ سەۋەبتىن كەشمىر لەشكىرى بارغانسېرى تەكەببۇرلىششقا باشلىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىز كۆچسەك، ئۇلار بىرنەچچە كۈن توختاپ تۇرۇپ، بىزگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك مۇستەھكەم بىر جاينى تېپىپ، ئالدى بىلەن ئۇ يەرنى مەخپىي ھالدا ئىگىلەپ ۋە پۇختىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كېچىسى كۆچۈپ كېلىپ، ئۇ يەردە مۇستەھكەم بېكىنەتتى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۇلار شۇنداق قورقۇمسىز ۋە يۈرەكلىك بولۇپ كەتتىكى، قاچانىكى بىز كۆچسەك، ئۇلارمۇ ئارقىمىزدىنلا ھېچ بىر ئەندىشىسىز ھالدا كۆچۈپ كېلىۋېرىدىغان بولدى. ئاخىر ئۇلار كۆچۈپ باغنۇن[①] دېگەن يەردە تۇزلەڭلىككە چىقتى. پېقىر ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ياسال تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستۇم. ئۇ جەڭنىڭ ۋەقەسى ئۇزۇن، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر پەستىن كېيىن، غالىب ۋە كەرەملىك تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى دېڭىزىدىن غەلىبە ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مەيىن شامىلى ئېسىشكە باشلىدى. بەختسىزلىك شىۋىرغىنى دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىگە چاڭ ـ توزان ۋە توپا ـ تۇپراقلارنى چاچقىلى تۇردى. نەزم:

*ئۆلۈكلەر تەنۇ باشىدىن ئۇشبۇ چاغ،*
*بولۇپ زاھىر ئول رەزمگاھ ئىچرە تاغ.*

كەشمىر ئەمىرلىرىنىڭ چوڭى مەلىك ئەلى ئىدى. يەنە بىرقانچە مەملىكەت مۆتىۋەرلىرى كەشمىر لەشكىرىنىڭ سەردارلىرى ئىدى. [ئۇلار ئۆلۈمگە جېنىنى تىكىپ جەڭ قىلىغۇچى بىر توپ كىشىلەرنى باشقۇرۇپ جەڭ قىلىشتى. ئاخىر ئۇلار ھەممىسى ئەجەل قوينىغا كىردى. ] ئۇ ئەمىر ۋە سەردارلارمۇ ئاشۇ جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سەردارى بولۇپ قالدى، قالغانلىرى تاغقا قېچىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، كۆپىنچىسى ياربدار ئىدى، سالامەت قالغانلىرىنىڭمۇ يۈرەكلىرى ۋەھىمە ۋە دەھشەتلىك قورقۇنچ تۈپەيلىدىن پارە ـ پارە بولغانىدى. ئۇلار يەنە قېچىشنىڭ خىيالى بىلەن سەرگەردان ۋە ھەيران ئىدى.

---

① بۇ يەر نامى موللامۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قول يازمىسىدا يۇقىرىقىدەك يېزىلغان، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «باگنۇن» ئېلىنغان. پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «باغى بەۋن» دېيىلگەن.

لېكىن، تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاجايىپ بىر ئىش سادىر بولدى. ئۇ ئىش مۇنداق ئىدى. پېقىر مىرزا ئەلى تاغاينىڭ شەيتانلىقى ۋە پەسكەش تەبىئىتىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. چۈنكى، ئۇ ھىيلە ـ مىكىردە شەيتاندىنمۇ مەشھۇرراقتۇر. ۋەقەنىڭ قىسقىچە بايانى شۇكى، مىرزا ئەلى تاغاي پېقىرنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، مۇنداق مەسلىھەت كۆرسەتتى:

— بۇ لەشكەر پاراكەندە بولۇپ قېچىپ، تاغقا چىقتى. دېمەك، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار ئۇ يەردە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ. بىزنىڭ تاغقا چىقىپ جەڭ قىلىشىمىز مۇۋاپىق ئەمەس. ئابرۇيىمىزنى مۇنچىۋالا تۆكۈشىمىز نادانلىقتۇر. دۈشمەننىڭ لەشكەرلىرىنى ۋەيران قىلىشنىڭ يولى شۇكى، بىز ئىلغار قىسمىمىزنى ئېلىپ كېلىپ، كەشمىرنىڭ ئاياغ تەرىپىگە، يەنى ئۇلارنىڭ ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلايلى. بىز ئۇلارنىڭ ئەھلى ئاياللىرىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار تاغدا تۇرالمايدۇ، ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئىلاجىسىز تاغدىن تۆۋەنگە چۈشىدۇ. بالا ـ چاقىلىرىنى تاغقا بىللە ئېلىپ چىققانلار بولسا، بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ تاغدىن چۈشۈشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئۇلار بۆلۈنۈشكە، پارچىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ تەدبىر بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاغدا قالىدۇ، يەنە بەزىلىرى تۆۋەنگە چۈشىدۇ. ئۇلار بىرلا پارچىلانسا، ئىككىنچى قېتىم بىرلىشىشى تەس بولىدۇ. بىزگىمۇ جەڭ قىلىشقا ھاجەت قالمايدۇ.

ئۇ ئاشۇنداق مەسلىھەتنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەيتانلىق ناخشىسى بولغان بۇ داۋرىڭىنى سەلتەنەت دەبدەبىسى دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ باتىل (يالغان) سۆزنى ھەق (راست) دەپ گۇمان قىلدىم. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇزۇق مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلدىم ـ دە:

— ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئىلغار قىسىمنى ئېلىپ تۆۋەن تەرەپكە بارايلى، — دەپ قارار چىقاردىم. نەزم:

*چۇ شەيتان ماڭا بەردى مۇنداغ فۇسۇن،*
*يىقىلدىم ئاياق ئاستىغە سەرنىگۇن.*

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا تۆۋەن تەرەپكە كۆچۈشكە يۈزلەندۇق. شۇ چاغدا ئەمىر دائىمئەلى يېنىمغا كەلدى ۋە ماڭا:

— بىز نى ـ نى مېھنەت ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ يۈرۈپ ئىشنى مۇشۇ ھالەتكە يەتكۈزدۇق، مانا بارلىق دۈشمەنلەرنى پاراكەندە قىلىپ، بۇ تاغقا سولىدۇق. ئەمدى بۇلارنى قويۇپ نەگە بارىمىز؟! — دەپ، قوپاللىق بىلەن سۆزلىدى.

پېقىر بۇ سۆزدىن كېيىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانىدىم، مىرزا ئەلى تاغاي كۆچۈپ كېلىپ، بىزنىڭ توختاپ قالغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئەمىر دائىمئەلى ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى مىرزا ئەلى تاغايغىمۇ ئۆزى ئېيتتى. مىرزا ئەلى تاغاي شۇنىڭ-

دىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— سۆزى، قاراردىن يېنىش، مەسلىھەتنى ئۆزگەرتىش گۆدەك بالىلارنىڭ ئىشى. تۈنۈگۈن قارار قىلىشقىنىمىزنىڭ ئۆزى كېڭەش ـ مەسلىھەت دېگەن شۇ، ئەمدى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، — دېدى.

بېيىت:

*تا دىر نە رەسەد ۋەگدەگى ھەر كاركى ھەست،*
*سۇدى نە كۇنەد يار ھەر يارىكى ھەست.*

تەرجىمىسى:

*بېرىلگەن ۋەدىگە يەتمىسە ھەر ئىش،*
*ھەر دوست نەسىھەتى كار قىلماس ئىمىش.*

ئەمىر دائىمەلىنىڭ ئويلىغانلىرى ۋە مەسلىھەتى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىدىم، ئۇ بەتقىلىق بىرنېمىنىڭ تامامەن خاتا سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدىم. نەزم①:

*سەن دوست ئىلە دۈشمەننى بەرابەر قىلمە،*
*ھەركىم ساڭا سۆز دېسە باۋەر قىلمە.*
*دۈشمەن بىلەن دوستنى كېرەك فەرق ئەتمەك،*
*فەرق ئەتمەي ئۇلار ئىشىنى ئەبتەر قىلمە.*

ئەلقىسسە، ئۇ ھىيلىگەرنىڭ مىكىر ـ ئەپسۇنلىرىغا ئالدىنىپ، ھابىل ۋە بابىلنىڭ قۇدۇقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئۇ بولۇمسىزنىڭ ئەپسۇنلىرى بىلەن كۆچۈپ ناگام چېگرىسىغا يېتىپ باردۇق. مىرزا ئەلى تاغاي ئالدىدا مېڭىۋاتاتتى، ئىككىنچى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا: «تۆۋەن تەرەپتە يول يوق، بولغان تەقدىردىمۇ لەشكەر ماڭغۇچىلىك يول ئەمەس» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. ئامالسىز يا ئارقىمىزغا يانالماي ياكى ئىلگىرىلىيەلمەي، ھارۇرە② ئاتلىق يەرگە چۈشتۇق.

كەشمىر لەشكىرى بىزنىڭ كۆچۈپ كەتكىنىمىزنى كۆرۈپ، خاتىرجەم بولۇپ، قېچىپ كەتكەن ۋە چېچىلىپ كەتكەنلىرى قايتىدىن يىغىلىپ، تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، بىر مۇستەھكەم يەرگە بېكىنىپ ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى شاخ بىلەن توسۇپ ئورۇنلىشىۋاپتۇ. بېيىت:

① بۇ سۆز پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «رۇبائىي» دېيىلگەن.
② بۇ يەر نامى پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «جارۇرە» دېيىلگەن تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «چارۇرە» دەپ ئېلىنغان.

*ئەز جەفاھايى سەرى تىغى چە ئەفتادى مەرا،*
*مۇردە بۇدەمكى، خۇدا جانى نەۋى دادى مەرا.*

تەرجىمىسى:

*جەۋر تىغىدىن بولدۇم ئاجىز، يەتمىدى دەرمان ماڭا،*
*مۇردا بولغانتىم، خۇدا بەردى يېڭىدىن جان ماڭا.*

بۇ ۋەقە تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇز شەئبان ئېيىنىڭ تۆرتىنچى كۈنى[①] بولغانىدى. پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بىرى: بۇ ۋەقەگە «روزى چەھارۇم ئەز [ ماھى ] شەئبان» (شەئبان ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى) دېگەن سۆزنى تارىخ قىلىپ تاپقانىدى.

شەئبان ئېيىمۇ ئۆتۈپ، سەۋر پەسلى ئاخىرلاشتى. قىشنىڭ سوغۇقى جەدى[②] پەسلىنىڭ بۇلۇت غەلۋىرلىرىدىن تاغلارنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق كافۇرلارنى[③] چاچقانىدى، قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن سەۋر بۇرجىدىن ياغقان تۇپراقنىڭ ئاق يېپىنچىلىرى ھەممىسى ئېرىپ كەتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي پەس ۋە يارىماس ئەمىرلەردىن گەپ ئالاتتى ۋە ئۆزى كەشمىرنى تولۇق ئىشغال قىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى شەرھىلەپ، تولا مۇبالىغىلەرنى قىلاتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ھەممە ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى كەشمىردىن سوۋۇتتى.

مىردائىمئەلى شىجائەتتە، ياخشى پىكىر ۋە مەسلىھەت جەھەتتە ناھايىتى مۇستەھكەم كىشى ئىدى. پۈتكۈل موغۇل لەشكەرلىرى ۋە كاتتىلىرى يىغىلىپ، مىردائىمئەلىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۆزئارا كېلىشىۋالغان تەلەپ ۋە سۆزلىرىنى مىردائىمئەلىگە غەلۋە ـ غەۋغا قىلغان ھالدا دەپتۇ.

— پالانى كىشىگە ئەرزىمىزنى يەتكۈزگىن، — دەپتۇ ئۇلار پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنى كۆزدە تۇتۇپ، — بىز موغۇل خەلقىمىز، شۇڭا ھەمىشە موغۇلىستاننىڭ مۇھىم خىزمىتىگە مەشغۇلمىز. موغۇل ئەھلىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان يەر ھېچقانداق ئاۋاتلىق يېرى بولمىغان سەھرادۇر. بىز ھۇقۇشنىڭ ۋەيرانىدىكى كۆلكىسىنى بۇلبۇلنىڭ باغ ناخشىسىدىن ئەۋزەل كۆرىمىز. گۈللەنگەن، كۆجۈم يەردە ھۇقۇش ماكان تۇتمىغىنىدەك، بىزمۇ ئاۋات يەرلەردە ماكانلىشىشنى خالىمايمىز. بىزنىڭ تۇرار جايىمىز تاغ ـ باياۋان، [ دوستلىرىمىز تاغ ھايۋانلىرى، ئۇل-

① ھىجرىيە 939 ـ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1533 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

② جەدى — 1) تاغ ئۆچكىسى، كىيىك؛ 2) كونا ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە كۆكتىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ بىرى، بۇ بۇرج كىيىك شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. بۇ شەمسىيە ھېسابى بويىچە قىش پەسلى ئايلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

③ كافۇر — ناھايىتى ئاق ۋە خۇشبۇي ماددا، بۇ يەردە قار مەنىسىدە كەلگەن.

پەتلىرىمىز دالا توڭغۇزى بولىدۇ. ] كىيىدىغىنىمىز ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسى، يەيدىغىنىمىز قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىدۇر. شۇنداق تۇرۇپ، بىز قانداقلارچە جەننەت كەبى گۈزەل، ئاۋات، بەلكى پىردەۋسى ئەلادەك كەشمىرنىڭ ئەقىلسىز كاپىرلىرى بىلەن بىللە تۇرالايمىز. «كافىرلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەن ھۆكۈم بويىچە قارىغاندىمۇ بىز كەشمىردە تۇرساق خۇشال بولالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەشمىر بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدىكى يول مۇساپىسى بەك ئۇزاق، يەنە كېلىپ بۇ يولنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلاتلىرى ھەددى - ھېسابسىز كۆپ. ئەھلى ئايالىمىز ۋە مال - چارۋىلىرىمىز ئۇ يەردە قالدى. [ ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئوڭاي ئەمەس. بىزنىڭ تىرىكچىلىكىمىز مال - چارۋىغا باغلانغان. ] بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ھايات ياشىيالمايمىز. [ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ، كۆز يۇمغىنىمىز ياخشىراق، دەپ قارايمىز. ] ئەڭ ياخشىسى بىز بۇ لەشكەر ۋە جابدۇقلارنى ۋەيران قىلىپ، خاننىڭ ھوزۇرىغا بارىمىز. ئەگەر خان بىزنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ جەسىتىمىزنى ئەھلى ئايالىمىز ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىدۇ. ئەگەر بىزنى ئۆلتۈرمىسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن ئارزۇ تىزگىنىنى موغۇلىستاندىن باشقا تەرەپكە تارتمايمىز. بېيت:

*ئەگەر ئىن بار جان بەرم زى غەمەت،*
*دىگەرەم ئاشىقى ھەۋەس نەكۇنەد*

تەرجىمىسى:

*غەمىڭ يادى يۈرەكتە، بولسىلا جان،*
*يەنە قىلماسمەن ئاشىقلىق ھەۋەسنى.*

ئەمىر دائىمئەلى يېنىمغا كېلىپ، ئۇ جاھىللارنىڭ دېگەن گەپلىرىنى پېقىرغا يەتكۈزدى. پېقىر ئۇ ناكەسلەرنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران قالدىم. مىسرا:

*تەۋرى كۇدام مەردۇمۇ رەسمى كۇجاست ئىن؟*

تەرجىمىسى:

*قانداق ئادەم ئادىتى بۇ، قانداقلارنىڭ يوسۇنى؟*

شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ئەخلەتچى كىشى ئەتتارنىڭ دۇكىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا دۇكاندىكى ئەتىرنىڭ خۇش ھىدى ئۇنىڭ دىمىقىغا يەتتى - دە، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئۇ يەردە بىر ھۆكۈما تېۋىپ بار ئىدى. ئۇ تېۋىپ ئەخلەتچىنىڭ

بۇرنىغا بىر ئاز نىجاسەتنى ئېلىپ كېلىپ پۇراتقانىدى، شۇ هامان هوشىغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى، نەزم:

*يىللار ئېردىكى ئاڭلار ئېردىم مەن،*
*ئەترۇ ئەنبەر بەسى ئىمىش مەرغۇب.*
*يەتتى ئول بۇيىكىم بۇ دۇكاندىن،*
*ئاندىن ئېركەن بەسى نىجاسەت خۇب.*

شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر دائىمئەلىگە:

— ئەگەر كەشمىرنى تولۇق پەتھى قىلىشقا كىرىشسەم، بۇ ناكەس ئادەملەر سەلتەنەت ئاساسىغا خەلەل يەتكۈزۈشكە قەدەم قويىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدىم.

— خان ماڭا بۇ ياققا مېڭىشقا رۇخسەت بېرىدىغان چاغدا، — دېدى ئەمىر دائىمئەلى، — پەرمان قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:«مىرزا ئەلى تاغاي سەلتەنەت ئىشلىرى جەريانىدا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى بېجىرىشنى زۆرۈر دەپ بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئايرىم ئىشى ئۈچۈن ئومۇمىي سەلتەنەت ئىشلىرىغا زىيان سالىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق يامان قىلىقلىرىنى كۆپ قېتىم ئەپۇ قىلىپ، كەچۈرۈم ئېتەكلىرى بىلەن ياپتىم. ئۇنىڭ مۇرادىنىڭ هاسىل بولۇشى ئۈچۈن، ئۆز سەلتەنىتىمنىڭ ئىشلىرىغا تەسىر يېتىشىگىمۇ رازى بولدۇم. ئەمما، بۇنداق ئىشلار تولا سادىر بولىۋەرسە، ئەلۋەتتە كۆڭۈلگە پەرىشانلىق ۋە سەلتەنەت ئىشىغا ۋەيرانلىق يېتىدۇ. ئەگەر بۇ قېتىم مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزىنىڭ كونا ئادىتىنى تەكرارلىسا، ئوغلۇم ئىسكەندەر سۇلتانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى ئومۇمىي هاياتتىن تىرىكلىك ئىزدەشتىن ئازاد قىلىڭلار، ئەلۋەتتە كېچىكتۈرمەڭلار!» خان ماڭا شۇنداق دەپ يارلىق قىلغانىدى. مانا هازىر ئۇنىڭ گەدىنىدە گۇناھ ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر خاننىڭ يارلىقىنى تۇتۇپ، ئۇنى يوقاتساق، باشقا هېچكىممۇ قارشىلىق قىلىشقا، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن تولۇق ئىتتىپاقلىق هاسىل بولىدۇ. هېچقاچان موغۇل خانلىرىنىڭ هاكىمىيىتى ئاستىغا كىرمىگەن كەشمىر مەملىكىتى ئاسانلىق بىلەن تەسەررۇپىمىزغا كىرىدۇ. تاكى قىيامەتكىچە ياخشى ئاتاق ۋە يۇقىرى ئاۋاز سىزنىڭ نامىڭىزغا مەنسۇپ بولىدۇ. موغۇل خانلىرى خانىدانلىقىنىڭ زىمىنىدە سىزگە بولغان كاتتا مىننەتدارلىق پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ مەملىكەتنى هېچ زاماندا ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزەلىگەن ئەمەس.

— هالا بۈگۈنگىچە مانا يىگىرمە يىل[1] بولۇپتۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، — هەزرىتى خان بارلىق مۇهىم ۋەزىپىلەر ۋە ئەسكىرىي ئىشلارنى تولۇق هوقۇق بىلەن مۇتلەق ۋە پۈتۈنلەي پېقىرغا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. كېڭەش ـ مەسلىھەت زۆرۈرىيىتى-

---

① بۇ يىل سانى مۇشۇ قولىيازمىدا يۇقىرىقىدەك يېزىلىپ قالغان، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت روسچە نەشرىدە «ئون يىل» دېيىلگەن.

نى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر قېتىمدا ئەمىرلەرنى پېقىرغا ھەمراھ قىلىۋاتىدۇ. خۇداغا شۈك- رى، ھازىرغىچە ھەممە مۇھىم ئىشلار خەيرلىك ئاخىرلىشىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئېتىراز بار- ماقلىرى بىلەن كۆرسەتكىلى بولغىدەك ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى. ئەمدى كېلىپ بۇ ئىشنى قىلساق، بۇ يامان ئاتاق ئەلۋەتتە پېقىرنىڭ نامىغا مەنسۇپ بولىدۇ - دە، بۇنىڭ- دىن كېيىن ئەمىرلەردىن ھەرقانداق كىشى ماڭا ھەمرا بولسا، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭ- لىدە ۋەھىمە، ۋەسۋەسە، پەيدا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ماڭا ھەمراھ قىلىنىشىدىن مەقسەت گوياكى مېنىڭ ئۇنىڭغا ئەزرائىلنىڭ خىزمىتىنى بېجىرىشىم ئۈچۈندەك تۇيغۇغا كې- لىپ قالىدۇ - دە، ئۇ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ماڭا ھەمراھ بولۇش ھەرقانداق كىشىگە جان ۋەھىمىسى سېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق يولنى تۇتۇش مۇسۇلمانچىلىق ئادىتىگە لايىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرەپلىك شە- رىئەتنىڭ نەزىرىدىمۇ بىر مۇسۇلماننى قەتل قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

پېقىر تەپەككۇر ئەينىكىدىن مۇلاھىزە كۆزلىرىم بىلەن شۇنى كۆردۈمكى، بۇ ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشتىن ئۆزگە چارە يوق: بىرى شۇكى، مىرزا ئەلى تاغاينى ئۆلتۈرۈش ۋە كەشمىرنى ئېلىش، يەنە بىرى، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك ۋە كەشمىرنىمۇ پەتھى قىلماي قايتىش. پېقىر ئاخىر كەشمىرنى قويۇپ، يېنىشقا رازى بولدۇم. كەش- مىر شاھلىرى بىلەن سۇلھى تۈزۈش پىكرىنى ئارىغا سالدىم. ئاقىللارنىڭ پەندى - نە- سىھىتىنى ئاڭلىماي نې - نې مېھنەتلەرنى چەكتىم، نې - نې ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتتىم. ھەرقانداق كىشى دۈشمەنگە كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرمىسە، ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەنلىك قىلغان بولىدۇ. بېيت:

*دەست بەردەستۇ مارى بەر سەرى سەڭ،*
*خىيرە رايى بۇۋەد قىياسى دەرەڭ.*

تەرجىمىسى:

*قولۇڭدا تاش، يەنە بىر تاش ئۈستىدە بار يىلان،*
*پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىساڭ، دېمەك، ئۆزۈڭ گول - نادان.*

## كەشمىردىن يانغانلىقىمىزنىڭ زىكرى ۋە شۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىسۇنكى، ئۇ چاغلاردىكى كەشمىر پادىشاھىنىڭ ئېتى مۇھەممەد شاھ ئىدى. سەردارلىرىدىن مەلىك ئەلى بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى-

لەردىن مەلىك ئابدال ماكرى، كاجىچەك، لاھورى، ماھىرى ۋە زەنگىچەك قاتارلىقلار بار ئىدى.

پېقىر سۇلھى سۆزىنى ئارىغا سالدىم. ئۇلار جان - دىللىرى بىلەن مىننەتدار بولدى، بەلكى ئىشەنمەي قالدى. ئۇلار: «بۇنداق گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك مەملىكەتنى ئېلىپ بولۇپ، يەنە تاشلاپ كېتىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس» دەپ ئويلايتتى.

دېمەك، سۇلھى قىلىشنى قارار قىلىشتۇق. خۇتبەنى خاننىڭ نامىغا ئوقۇتتۇم، ئاقچە (پۇل)نى خاننىڭ نامى بىلەن زىننەتلەپ قۇيدۇردۇم. كەشمىر ماللىرىدىن موغۇللارغا لازىملىقلىرىنى يېتەرلىك مىقداردا ئالدۇق. مۇھەممەدشاھنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدىكى قىزلىرىدىن بىرىنى ئىسكەندەر سۇلتانغا نىكاھ قىلدۇردۇم. ئەمىرلەردىن ھەربىر كىشى ئۆز مەرتىۋىلىرىگە يارىشا كەشمىر سۇلتانلىرىدىن بىرى بىلەن كۆرۈشتى. پېقىر مۇھەممەدشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، موغۇل قائىدىسى بويىچە دوست بولۇشۇپ، بىر - بىرىمىزنى دوست دەپ ئاتاشتۇق. ئەمىر دائىمئەلى ئابدال ماكرى بىلەن، مىرزا ئەلى تاغاي لاھورى بىلەن، بابا مىرزا كاجىچەك بىلەن، تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزا — ئۇنىڭ ئەھۋالى پات پۇرسەتتە زىكىر قىلىنىدۇ — زەنگىچەك بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىر - بىرلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە سوۋغات ۋە پىشكەشلەرنى قىلىشتى. شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى، كەشمىرگە كەلگەن يولىمىز بىلەن ماڭدۇق. تىبەت چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئۇ تەۋەلىكتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىستىقبالىمىزغا پىشكەشلەرنى ئېلىپ چىقتى. تىبەتنىڭ كەرسە ئاتلىق بىر ۋىلايىتى بار ئىكەن، ئۇنىڭ يەرلىرىدە بېخىلنىڭ كۆڭلىدەك تار جىلغىلىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىر تەرىپى چوڭقۇر يار بولۇپ، گوياكى پەسلەر قەلبىدەك تەگسىز ئىكەن، يەنە بىر تەرىپى شۇ قەدەر ئېگىز قىيا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىشكە پىكىر - ئەندىشىنىڭمۇ قۇۋۋىتى يەتمەيدىكەن. يولى شۇ قەدەر خىرە ئىكەنكى، يورۇق كۈندۈزمۇ ئۇ يەردە قاپقاراڭغۇ كېچىدەك كۆرۈنىدىكەن. كەرسەلىكلەر ئۆزىنىڭ بۇ تار جىلغىسىغا ئىشىنىپ ۋە چوقۇنۇپ «ھېچقانداق تائىپىنىڭ بۇ جىلغىنى بويسۇندۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ» دەپ خىيال قىلىشىپ، بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ سەركەشلىك قىلدى، سېلىق تۆلەش ۋە پىشكەش قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلدى. ناماز پېشىن ۋاقتى بولغاندا ئۇلارغا يېقىن بېرىپ چۈشتۇق. كېچىسى ھەممە ئادەم جەڭ ئەسۋابلىرىنى تەييارلىدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتتى. ئالتۇن سۇپەرلىك ئاسمان تۈركى (قۇياش) تۆتىنچى ئاسمان قەلئەسىنى ئىگىلىدى ۋە جاھاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن شەرق تەرەپتىن زېمىن مەيدانىغا قاراپ يۈزلەندى. پۈتكۈل لەشكەر جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ سۈرەن سېلىشتى.

ئەلقىسسە، چوڭ ۋە قاتتىق جەڭ بولدى. نەچچە قېتىم يۇقىرىدىن تاش دومىلىتىپ، ئىسلام لەشكىرىنى قاچۇردى. ئىسلام لەشكىرى قايتىدىن مەردانىلىك ئېتەكلىرىنى ئىجتىھات بېلىگە چىڭ قىستۇرۇپ، سۇبات ئاياغلىرىنى غازات تاغلىرىغا قويدى. ئاخىر ئىسلامنىڭ نۇسرەت شامىلى كۇپپارلارنىڭ تاغدەك مۇستەھكەم ئاساسىي كۆچىنى گوياكى ساماننى ئۇچۇرغاندەك يوقلۇق تامان ئۇچۇردى. شۇڭا، ئۇ كاپىرلارنىڭ

سەردار ۋە باتۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى قېچىپ يوقالدى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل مال ـ مۈلۈكلىرى، چارۋىلىرى ۋە ئەھلى ئاياللىرى ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا نېسىپ بولدى. بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن قالغان ئەتراپتىكى كۆپپارلارنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە ۋە چۈچۈش پەيدا بولدى. شۇڭا، ئاياللىرى، بالا ـ چاقىلىرى ۋە مال ـ لىرىنىڭ سالامەت قالغىنىغا رازى بولۇپ، ھەممە نەرسىلىرىنى پىشكەش قىلىشتى. تىبەتنىڭ مۇھىم ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولغان پۈرىك ۋىلايىتىنىڭ ھەممە مال ـ مۈلۈكلىرىنى يىغىپ، ئەمىرلەر ۋە لەشكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردۇق؛ نەپىس ماتالاردىن بىرمۇنچىسىنى خانغا پىشكەش ئۈچۈن ئېلىپ، مارىيۇلغا قاراپ يۈردۇق.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ مارىيۇلدىن پايتەخت ياركەندكە يانغانلىقى، پىقىر مۇھەممەد ھەيدەرنى ئۈرسەڭ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى

نەزم:

*نە خۇش، بولسە ماڭا ۋەسلىڭ مۇيەسسەر،*
*جەمالىڭدىن كۆزۈم بولسە مۇنەۋۋەر.*
*خەلاس ئولسام فىراقىڭ كېچەسىدىن،*
*ۋىسالىڭ سۇبھى بولغاي نۇرگۇستەر.*

ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش بىلەن ھىجران ئاخىرلاشتى. پىراقنىڭ ئاخىرى ۋىسال بىلەن نەتىجىلىنىدىغان بولسا، ئۈتكۈر كۆزلۈكلەرنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ھىجران ۋە پىراق ئازابلىرىنىڭ شىددىتى كۆزگە ھېچقانچە كۆرۈنمەيدۇ. شەۋق ـ ئىشتىياق يوسۇنىنىڭ ۋاپادارلىرى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت يولىنىڭ يولۇچىلىرى بۇنداق ھىجراننى ۋىسالدىن ئەلا بىلىدۇ. [ ھىجراندا قالغاندا ئۇلار ئۈچرىشىش ئۈمىدىنىڭ پارلاق يولىغا قاراپ يۈزلىنىدۇ. بېيت:

*دەر سۇبھى ۋەسلى تۇ بەۋىسالى تۇ زىندەئەم،*
*دەر شامى ھەجرى تۇ بەخەيالى تۇ زىندەئەم.*

تەرجىمىسى:

*ۋىسالىڭ سۇبھىدە ۋىسالىڭ بىلەن تىرىكمەن،*
*ھىجرانىڭ تۈنىدە خىيالىڭ بىلەن تىرىكمەن.*

ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋىسالنىڭ ئاقىۋىتى ھىجران بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بولسا، بۇنداق ۋىسالنى ھىجران بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلايدۇ، [ مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك،] بېيىت:

*نىست دەر بەئىد جۇز ئۇمىدى ۋىسال،*
*ھەست دەر قۇرب ھەمە بىمى زەۋال.*
*ئاتەشى ھەجر دىلۇ جان سوزەد،*
*شەمئى ئۇمىد رەۋان ئەفرۇزەد.*

تەرجىمىسى:

*[قىلىچە يوق ۋىسالنىڭ ئۈمىدى،*
*كۆرگىنىم غەم ـ قايغۇ كېچىسى.*
*ھىجراندا كۆيىدۇ جانۇ دىل،*
*ئۈمىد شامى يېنىپ پۈتتى، بىل.]*

پېقىرنىڭ ئەھۋالىمنىڭ ئاجايىب ـ غارايىبلىقى ئۆتكۈر كۆزلۈكلەرنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ خىرەلەشتۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

پېقىر پەتھى ـ نۇسرەتلەر بىلەن يېتىپ كېلىپ، خاننىڭ سائادەتلىك بوسۇغىسىنىڭ تۇپرىقىنى كۆزۈمگە سۈرمە كەبى سۈرتتۈم. خاننىڭ بەختلىك نەزەرلىرى پېقىرغا چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ مۇبارەك چېھرىدە خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. پەيز بەخش ئەتكۈچى قوللىرىنى سۇندى. شادلىق قۇچاقلىرىنى ئاچتى. پېقىر قۇللۇق ئەدەپلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈردۈم [ ۋە ئالدىغا باردىم] . خانمۇ ئىلگىرى كېلىپ، پېقىرنى ئۆزى بىلەن قۇچاقلىشىش بەختىگە مۇشەررەپ قىلدى. [ چەكسىز خۇشاللىق ۋە ھېسابسىز سۆيۈنۈش يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالدى. ] خان خېلىغىچە پېقىرنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، مېھىر ـ شەپقەت ئۈنچىلىرىدەك ياش تامچىلىرىنى پېقىرنىڭ دۈمبىسىگە تامغۇزدى. پېقىرمۇ پاكلىق ۋە ساداقەت سەدىپىدىن ئىخلاس ـ ئېتىقاد دۇررۇ ياقۇتلىرىنى يامغۇر تامچىلىرىدەك تۆكۈپ، بەخت ـ دۆلەت ئېتەكلىرىنى ۋە سائادەت قۇچاقلىرىنى ئۈنچىلەر بىلەن تولدۇردۇم. [رۇبائىي:

*دەر ۋەسلى تۇ ئەقل دەر تەھەييۇر شۇدە ئەست،*
*ۋەز گىريە كەنارى مەن پۇر ئەز دۇر شۇدە ئەست.*
*گەر زەنجە شەۋى زىمەن مىفشان دامەن،*
*كەز گىريەئى مەن كەنار پۇر دۇر شۇدە ئەست.*

تەرجىمىسى:

*ۋەسلىڭدىن سۆيۈنۈپ ئەقىل ھەيران بولدى،*
*كۆز ياشى بىلەن ئېتىكىم دۇر ئەپشان بولدى.*
*شادلىق بىلەن تۆككەن تامچە ـ تامچە ياشلاردىن*
*ئېتەكلەردە پەۋەس غۇنچە ـ مارجان بولدى.]*

بۇ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھۆرمەت ـ تەزىم ئىزھار قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، خان ھەممە ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى پېقىردىن بىر ـ بىرلەپ سورىدى. پېقىر بولغان ۋەقەلەرنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە قالدۇرماي تەپسىلىي بايان قىلدىم. خان ئىككىنچى قېتىم يەنە خاقانلارچە ئىلتىپات قىلىپ، مۇنداق دېدى:

ــ خانلارنىڭ خانىدانلىقى ۋە سۇلتانلارنىڭ ئەھلى ئەۋلادىنىڭ زېمىنىگە ساڭا نىسبەتەن كاتتا مىننەتدارلىق يوكلەندى. چىڭگىزخاندىن تارتىپ تاكى ھازىرقى زامانغىچە بولغان جاھانگىر سۇلتانلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئىشغالىيەت قوللىرىنى كەشمىرنىڭ ياقىسىغا يەتكۈزەلمىگەنىدى. مانا ئەمدى سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ نەتىجىسىدە كەشمىرنىڭ مۇنبەرلىرى موغۇل خانلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن زىننەتلىنىپتۇ. كەشمىر سۇلتانلىرى قەدىمدىن بېرى باشقا سۇلتانلار ۋە ھۆكۈمدارلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ ۋە بېقىندۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەمدى موغۇل خانلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تەۋە بولۇپ بېقىنىپتۇ. بۇ كاتتا شان ـ شۆھرەتكە، يۈكسەك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە چوڭ ئىش ئۈچۈن مىننەتدار بولۇش مېنىڭ زىممەمدىكى ۋە بارلىق موغۇل خانلىرىنىڭ زىممىسىدىكى پەرز. ياخشىلىق يوسۇنىدا پۇتكۈل دۆلەت ئەربابلىرى ئۈچۈنمۇ پەرزدۇر. بۇ ياخشى ئاتاق بولۇپمۇ مېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنىڭ نامىغا مەنسۇپ بولۇپتۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئىپتىخارلانغۇسىدۇر.

خان لەۋزىدىن ئاشۇنداق دەپ گۆھەرلەرنى تۆكتى.

پېقىر يارلىققا بىنائەن لەشكەرلەردىن ئىلگىرىرەك يۈرۈپ، خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەنىدىم. ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن قالغان ئەمىرلەر ئەتىسى كېلىپ، خاننىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈش شەرىپىگە ئېرىشتى. بۇ ئىككى لەشكەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلغانلىقى گوياكى «ئۇ ئىككى دېڭىزنى ئاققۇزدى، ئۇلار ئۇچرىشىدۇ»① دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغان مەزمۇننىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىدەك ئىدى.

پېقىر ئېلىپ كەلگەن كەشمىرنىڭ ماللىرىنى، ماتالىرىنى، خاننىڭ ئېتىنى يازدۇرۇپ سوقتۇرۇلغان بىرمۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇللارنى تىبەت تەۋەسىدىن ئېلىپ كەلگەن مال ـ مۈلۈكلەر بىلەن قوشۇپ خاننىڭ ئالدىدا قويدۇم. خان بۇلارنى ياقتۇرۇش

---

① «قۇرئان كەرىم»، 55 ـ سۈرە رەھمان، 19 ـ ئايەت.

نەزەرلىرى بىلەن قاراپ قوبۇل قىلدى. ئاندىن ھەممىسىنى ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە تەقسىم قىلىپ بەردى؛ ئەمىرلەرگە، سەردارلارغا ۋە لەشكەرلەرگە ئۆزىگە يارىشا ئىنئام ۋە ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، ئۇلارنى خۇرام ـ خۇشال قىلدى؛ ئاندىن مۆتىۋەر ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنى چاقىرىپ، كېڭەش ئۆتكۈزدى. ھەركىم ئۆز ھالىغا يارىشا، كۆڭلىگە يەتكەن مەسلىھەتلىرىنى بايان قىلىشتى. ئەمىرلەرنىڭ پىكىر ۋە مەسلىھەتلىرى خاننىڭ شەرەپلىك قۇلاقلىرىغا يەتتى. خان بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن، پېقىرغا مۇنداق خىتاب قىلدى:

— سىزگە مەلۇم ۋە ئېنىقكى، مەن دائىم ئىخلاس تىلىم ۋە چىن نىيىتىم بىلەن:«يۈكسەك تەڭرى يولىدىكى غازاتنى ئۆزۈم ئادا قىلىمەن، بۇ پەرزى كۇپايەنى ئومۇمىي ئىسلام ئاھالىسىنىڭ جانلىرىدىن ئۆزۈم كۇپايە قىلىمەن، خىتاينىڭ قىبلىگاھى بولغان ئۇرسەڭ بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىمەن. چۈنكى ئىسلام پادىشاھلىرىدىن ھېچبىرىگە بۇ ئىش نېسىپ بولماپتۇ. بەلكى ئىسلام ئەھلىنىڭ كۆزى ئۇ يەرگە چۈشمەپتۇ» دەپ، بۇ نىيەتنى جەزم قىلغانىدىم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئەھۋالىمدىن قارىغاندا، مىزاجىمنىڭ قۇۋۋىتى بۇنىڭغا يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. [ شۇنداقتىمۇ غازات ئىشلىرىنى مۇشۇنچىلىك دەرىجىگە ئېلىپ كېلىپ، نىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ئىشقا ئاشۇردۇم. قارىغاندا داۋاملىق يۈرۈش قىلىشقا تەن ساقلىقىم ماسلاشمىغۇدەك. مىزاجىمنىڭ ۋە باتىنىمنىڭ بارغانسىرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ ھازىرقى كۈچ ـ ماغدۇرۇمدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ] شۇڭا، مېنى تەڭرى تائالانىڭ پاك ۋە بۈيۈك مۇھاپىزىتىنىڭ ئالىقىنىغا تاپشۇرۇپ، سىز ماڭا ۋاكالىتەن ئىجتىھات ئېتىكىنى جىھات كەمىرىگە مەھكەم قىستۇرۇپ، گوياكى ئىككىلىمىز بىرلىشىپ بارغاندەكلا بېرىپ، ئۇرسەڭ بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىشقا قەدەم قويغايسىز. مەن ئادەتلەنگەن ۋەتەنگە قايتىمەن. قالغان ھەممە ئىشلىرىمنى سىزگە تاپشۇرىمەن. تاغىڭىز بىلەن ئىككىمىز بىر تىنچ ۋە پىنھان جايىنى تېپىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولىمىز. چۈنكى بىز ئىككىلىمىز ياشاندۇق. ئەمدى بۇ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا سىز مەسئۇل بولغايسىز. بىز ياخشى دۇئا ـ تىلەكلىرىمىز بىلەن سىزگە يار ـ يۆلەكتە بولىمىز، سىزمۇ ياخشى ئىش ـ پائالىيەتلىرىڭىز بىلەن بىزگە مەدەتكار بولغايسىز.

خان ئەنە شۇنداق مەزمۇندا تەڭداشسىز ئېسىل پەند ـ نەسىھەت سۆزلىرىنى بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈپ:

— مىرزا ھەيدەرنى تولۇق ھوقۇق ـ ئىختىيارغا ئىگە قىلدىم، ئەمىرلەردىن ۋە لەشكەرلەردىن ئۇ كىمنى خالىسا شۇنى ئېلىپ قالىدۇ. بۇ ئىشتا ھېچ كىشى مېنىڭ يارلىقىمغا قاراشلىق ئەمەس! — دېدى.

مۇشۇنداق يارلىق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، چوڭ ـ چوڭ ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىگە خان بىللە قايتىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردىم، قېرىندىشىم ئەبدۇللاھ مىرزا بىلەن تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ تاللىدىم، جانەكە مىرزا

بىلەن بەھرەكە مىرزا — بۇلارنىڭ نامى قەشقەر ياسالى ھەققىدىكى باياننامىزدا زىكىر قىلىنغاندى — نى بىللە ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلدىم. قالغان پۈتكۈل لەشكەردىن ئىككى مىڭ كىشىنى تاللاپ ئېلىپ، بۇ مۇھىم ئىشقا كىرىشتىم. بۇ ئىشلارنى سەرەنجاملاشتۇرۇپ بولغۇچە زۇلھەججە ئېيىدىن ئالتە كۈن ئۆتتى. پېقىر خانىنىڭ يېنىدا بولغان ۋاقىت مۇشۇ ئالتە كۈن ئىدى.

ئەلقىسسە، پېقىر خان بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا، خان پېقىرنى خىلۋەتكە چاقىردى. خان ئۆز قولىدا ساقلىغان كىيىملىرىدىن تون - سەرۇپايىلارنى بېرىپ، پېقىرنى تارتۇقلىدى. ئۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە ئاتنى قوشۇپ ئىنئام قىلدى. [ ئاندىن يەنە بىر كەمەر، بىرنەچچە پىچاقنى غىلىپى بىلەن پېقىرغا بەردى. بۇلار خان ئۆز قولى بىلەن ياسىغان جابدۇقلار بولۇپ، ئىنتايىن گۈزەل، نەپىس ئىدى. خانىنىڭ ھۈنەر - سەنئەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارىنىڭ، شەرەپلىك تەبىئىتىنىڭ نەمۇنىسى ئىدى.]

— بۇلار مېنىڭ ھۈنەر - كەسپلىرىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى، — دېدى خان بۇ جابدۇقلارنى ماڭا بېرىپ، — ئەستىلىك ئۈچۈن سىزگە تاپشۇرىمەن. ئەگەر سىز ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىپ، [ مېنىمۇ ساق - سالامەت ھالەتتە كۆرسىڭىز] ، بۇلارنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەيسىز. [ ئۇنداقتا بۇلارنى سىزگە ساقلاش ئۈچۈن ئامانەت بەرگەن بولاي. بۇلارنى سىزگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلسىدى، دېگەن ياخشى پال ۋە تىلەك بىلەن بېرىۋاتىمەن. مۇبادا بۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تەقدىر بويىچە مەڭگۈلۈك خەيرلىشىدىغان كۈنىمىز بولۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ جابدۇقلار مەندىن سىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن.

پېقىر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردۈم. تاقىتىم تىزگىنلىرى سەۋرىم قوللىرىدىن چىقىپ كەتتى. كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى غەم - ئەندىشە يامغۇرلىرى كۆزلىرىم يولى بىلەن چىقىپ، توختىماستىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى. سەۋرىم ۋە تەسكىنلىكىم بىناسىغا لەرزە چۈشۈپ تىترەشكە، تەۋرەشكە باشلىدى. ئوخشاشلا، خانىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئۈنچىلىرىنى چېچىشقا باشلىدى. ئاخىر بىر - بىرىمىزگە تەسەللىي بېرىپ، كۆڭلىمىزنى سەل تىنچلاندۇردۇق، شۇنىڭدىن كېيىن پېقىر ئەرز قىلىپ:

— ئەي ئالىي شان - شەۋكەتلىك خان، ھەزرىتىڭىزدىن بۇنداق غەم - ئەندىشىلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، قايسى يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزالايمەن؟ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدىن قانداقمۇ يىراق بولالايمەن؟ [ سىزگە خىزمەت قىلىشتىنمۇ ئارتۇق مەرتىۋە بارمۇ؟ ] ئىلتىماسىم شۇكى، ھەزرىتىڭىز مەملىكەت پايتەختى ياركەندكە يېتىپ بارغۇچىلىك پېقىر سائادەتلىك ئۈزەڭگۈڭىزنىڭ يېنىدا سايىدەك ئەگىشىپ باراي. ھەزرىتىڭىز ساق - سالامەت ھالەتتە سائادەت تەختىدە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، خاتىرجەم بولغان ھالدا سىزدىن ئىجازەت ئېلىپ، بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا قەدەم قويىمەن. ھازىرچە بۇ يەردە قالىدىغان لەشكەرگە بۇيرۇق

بېرەي، ئۇلار تىبەت يايلاقلىرىدا ئاتلىرىنى باققاچ، مەن قايتىپ كەلگۈچە ئارام ئېلىپ تۇرسۇن، — دەپ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

— بىر مۇھىم ئىشقا نىسبەتەن سۇسلۇق قىلىپ، ئۇنى ئارقىغا سۈرۈش ئەقىلگە ۋە تەدبىرگە ئۇيغۇن ئەمەس، — دېدى خان مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — مەن ئېيتقان ئۇ سۆزلەرنى سىز خاتا مەنىدە چۈشىنىۋالدىڭىز. چۈنكى مېنىڭ ئۇ سۆزلىرىمنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەجەل شەربىتىنى ئىچمەستىن ئالەمدە مەڭگۈ تۇرىدىغان ھېچقانداق جانلىق يوق. ھەربىر جان ئىگىسى ھامان ئاقىۋەتتە ئۆلۈم شەربىتىنى تېتىيدۇ. ئەجەلگە ئاغرىق ۋە كېسەل شەرت ئەمەس. ماڭىمۇ تەقدىردە نېسىپ قىلىنغان ئاشۇ ئەجەل ھامىنى بار، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەپەردە ساق ـ سالامەت ھالەتتە بېرىپ، ياركەندتە ئورۇنلاشقان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۆلۈمدىن ئامان بولغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇ سەپەردە ماڭا قازا يېتىدىغان بولسا، سىزنىڭ مەن بىلەن بىللە بېرىشىڭىز بىلەنمۇ بۇ تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ھازىرچە سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان پۇرسەت بار بولغاچقا، بۇنى غەنىيمەت بىلىپ بۇ سۆزلەرنى دەپ قويۇۋاتىمەن. ھەرقانداق ئەھۋالدا خۇدا بىلەن بىللە بولماق كېرەك، ھەممە ئىشنى تەڭرى تائالاغا تاپشۇرۇش كېرەك. سىزنىمۇ تەڭرى تائالاغا تاپشۇردۇم. ئاللاھ خالىسا، ساق ـ سالامەت ئۇچرىشارمىز دېگەن ئۈمىدتىمەن. سىزگە تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىنى چىن دىلىڭىز بىلەن ئادا قىلىشقا كىرىشكەيسىز ۋە جان ـ دىلىڭىز بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەيسىز. بۇ ئىش كەشمىرنى پەتھى قىلغانلىقىڭىزغا قوشۇلۇپ، نۇر ئۈستىگە نۇر بولغاي.

[ ياخشى ئاتىقىڭىز تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەي. ] ماڭىمۇ بۇ ياخشى ئىشقا مەدەتكار بولغىنىم ئۈچۈن بۇ ئالەمدە ياخشى ئات، ئاخىرەتتە ھەسەنات ھاسىل بولغۇسى، بۇ ئىشتىن مېنىڭ جان ۋە دىلىمدا سىزگە تېخىمۇ زور مىننەتدارلىق پەيدا بولغۇسى.

[خان بىلەن بولغان بۇ سۆھبەت خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى. ] خان ئەنە شۇنداق شېرىن سۆزلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا ئاتلىنىشقا ئىجازەت بېرىپ، ئۆزى قايتىشقا يۈزلەندى.

## سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى ۋە قىسقىچە ئەھۋالىنىڭ بايانى

[رۇبائىي:

*ئەي جۇملە جەھان ھەممە فەنا خاھەد بۇد،*
*دەر ھەرچە نەزەر كۇنى ھەبا خاھەد بۇد.*

*ئانىكى فەنا مىشەۋەد ئادەم باشەد،*
*ئانىكى ھەمىشە ھەست خۇدا خاھەد بۇد.*

تەرجىمىسى:

*بۇ بارچە جاھاندا ھەممە ئۆلۈپ كەتكۇسىدۇر،*
*ھەر نەرسىگە باقساڭ ھامان يوقلۇق تامان يەتكۇسىدۇر.*
*دۇنيادا پەقەت بىرلا خۇدا مەڭگۈلۈك،*
*ئادەمنى ئۆلۈم ھامان يەر بىلە يەكسان ئەتكۇسىدۇر.]*

ئۆلۈغ ئارىپلار شۇنداق دەيدۇكى، ئەجەل — يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئاللاھتىن باشقىسىنى يوقلۇق ئالىمىگە ئېلىپ كەلگۇسىدۇر. يوقالغۇچى نەرسىنىڭ ھەقىقىتى شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق بىناسى گوياكى بىر قىيانىڭ لېۋىدە بولغان بولىدۇ. تۇنۇگۇن ئۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، بۈگۈن يوق، ئۇ پەقەت ئويىمىزدىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇرۇن كۆرۈنمىگەن نەرسىلەر بولسا، بۈگۈن كۆرۈنۈپ تۇرغان بولىدۇ. لېكىن، ئەتە ئۇنىڭدىن يەنە نېمە قالىدۇ؟ مەڭگۈلۈك شەيئى بولسا، ھەمىشە بار ئىدى ۋە داۋاملىق مەۋجۇت بولغۇسى. ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك چېھرىسىنى ھېچقانداق ھادىسە تاشلىرى ئۆچۈرەلمايدۇ. [ رۇبائىي:

*ھەر سۇرەتى دىلكەشكى تۇرا رويى نەمۇد،*
*خاھەد فەلەكەش زۇد زىچەشمى تۇ رۇبۇد.*
*رەۋ دىل بەكەسى دەھكى دەر ئەتۋارى ۋۇجۇد،*
*بۇدەست ھەمىشە باتۇۋۇ خاھەد بۇد.*

تەرجىمىسى:

*كۆڭلۈڭنى رام ئەيلىگەن نې - نې گۈزەل سۇرەتلەر*
*پەلەك قوللىرى بىلەن تېزلا بۇلاپ كېتىلەر.*
*تا ئەزەلدىن ئەبەدكە مەۋجۇد بولغاي تەڭرىلا،*
*شۇ ئەبەدىي مەۋجۇدلۇق ۋۇجۇدىغا كۆڭۈل بەر.]*

ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھۆكۈمى شۇنداق يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇكى، ھەربىر ھايات ئىگىسى «ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇسىدۇر»[①] دېگەن ھۆكۈمنىڭ جامىدىن ئامالسىز بىر-بىر ئۇتلام ئىچىدۇ ۋە ھايات

① «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە ئال ئىمران، 185- ئايەتنىڭ باش قىسمى؛ 21 - سۈرە ئەنبىيا 35 - ئايەتنىڭ باش قىسمى، 29 - سۈرە ئەنكەبۇت، 57 - ئايەتنىڭ باش قىسمى.

قەدىھىدىن ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق شارابىنى ئىلاجىسىز سۈمۈرىدۇ ـ دە، مەۋجۇتلۇق ئۇيـ-
غاقلىقىدىن يوقلۇق ئۇيقۇسىغا كېتىدۇ، رۇبائىي: ①

*يوقلۇققە ئوشۇل خەيلكى ھەمدەست ئولمىش،*
*كىم كويى فەنا ئىچرە ھەمە پەست ئولمىش.*
*كۆپ ئىچكەچ ئۇلار مەجلىسى ئەنس ئىچرە شەراب،*
*بۇ ۋەجھى ئىلە بىزدىن ئىلگەرى مەست ئولمىش.*

ئەبەدىيلىك بېغىدا ھېچقاچان گۈل ئېچىلمايدۇ، ئۇنداق گۈلنىڭ پۇرىقىنى ھېچـ-كىم ھىدلاپمۇ باقمىغان. كىشى بۇ يوقلۇق ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندىلا ئاندىن ئەبەدىيلىك بېغىغا قاراپ يول ئالالايدۇ. بۇ جەسەتنىڭ تۇپرىقىنى يوقلۇق شامىلىغا سورىۋەتمەي تۇ-رۇپ، بۇ تۇپراقنى ئەبەدىيلىك دېڭىزىغا قانداقمۇ يەتكۈزگىلى بولسۇن؟ [ يوقلۇق كۆ-زىنىڭ دېرىزىسى بىلەن ئەبەدىيلىك گۈلزارىنى قانداقمۇ كۆرگىلى بولسۇن؟]
ھەممىنىڭ بارىدىغان ماكانى ئەبەدىيلىك جايىدۇر، ھەممىنىڭ قاچىدىغان يېرى يوقلۇق دەشتىدۇر. بۇ ئالەمنى تۇرىدىغان ۋە بارىدىغان يەر دەپ ئويلاش پۈتۈنلەي خاتا-دۇر. بېيىت:

*كىم سېلى فەنا گۇزەرگەھىن خانە قىلۇر؟*
*ئاقىل قىلماس، مەگەركى دىۋانە قىلۇر.*

[ھەرقانچە بوينى قاتتىق ئادەمنىڭ ياقىسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ جېنىلا بولىدىكەن ئەجەلنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان قالمايدۇ. ھېكايەت:

*شۇنىدەمكى جەمشىدى فەررۇخ سىرىشت،*
*سەرى چەشمەئى بەر بەسەڭگى نەۋشت:*
*بەرىن چەشمە چۇن ما بەسى دەم زەدەن،*
*بەرەفتەند تا چەشم بەرھەم زەدەن،*
*گىرىفتەند ئالەم بەمەردىيۇ زور،*
*ۋە لېكىن نەبۇردەن باخۇد بەگور.*
*جەھان، ئەي پىسەر، مۇلكى جاۋىد نىست،*
*زى دۇنيا ۋەفادارى ئۇممىد نىست،*
*چۇ ئاھەڭگى رەفتەن كۇنەد جانى پاك،*
*چە بەر تەخت مۇردەن چە بەر رويى خاك.*
*ئەگەر سەد سال مانى دەر يەكى روز،*
*بەيايەد رەفت زىن كاخى دىل ئەفرۇز.*

① بۇ سۆز پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە، «رۇبائىي»، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.

تەرجىمىسى:

گىشىتتىمكى، جەمشىد تەۋەررۇك سۆزى،
بۇلاق باشىدا تاشقا ئويغان كۆزى:

ئىچىپ بۇ بۇلاقتىن تالاي ئەل قېنىپ،
كېتىشتى، بۇلاق بۇندا قالدى ئېقىپ.

جاھاندا ئېلىپ تويمىغان زوراۋان،
كېتەلمەس ئېلىپ گۆرگە بىر پارچە نان

جاھان، ئەي ئوغۇل، مەڭگۈلۈك جاي ئەمەس،
بۇ دۇنيادىن ھەرگىز ۋاپا كۈتمە، بەس،

تېنىڭ بولغۇسى مۇردا، گەر چىقسا جان،
ئاڭا تەختۇ تۇپراق باراۋەر ھامان.

كىشى كىرسىمۇ يۇزگە، بىلسۇن شۇنى،
قويۇپ بۇ سارايىنى، كېتەر بىر كۈنى.]

بۇ سۆز بېشىنى كەلتۈرۈشتىن ۋە بۇ نەقىلنى بايان قىلىشتىن مەقسەت خاننىڭ سائادەتلىك ھاياتىنىڭ ئاخىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. ئوچۇق ۋە ئايان بولسۇنكى، خان يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئاشۇ مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى مارىيۇلدىن ياركەندكە قاراپ يۈزلەندى. پېقىر بىر مەنزىلگىچە سايىدەك ئەگىشىپ باردىم. ئاندىن ئۇ مەنزىلدىن ۋىدالىشىش داغلىرىنى ئايرىلىش قىسمىتى پۈتۈلگەن پېشانەمگە قويۇپ ياندىغان بولدۇم. ئۈمىدۋار كۆڭلۈمدە ئۈمىدسىزلىك ئوتلىرى يېلىنجاشقا باشلىدى. [ سائادەت نەزەرلىك خان تاكى كۆزۈم يەتكۈدەك يەرگە بارغۇچە قاراپ تۇردۇم، خانمۇ پېقىر تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن پېقىر جېنىم مىڭلارچە ئەنسىرىگەن، كۆزۈم ياش تۆككەن، قەلبىم جۇدالىق ئوتلىرىدا ئۆرتەنگەن ھالدا راۋان بولدۇم. رۇبائىي:

ئەي چەرخى فەلەك ھەمىشە كارى ئىنەست،
جەۋرۇ ستەمۇ جەفايى ما ئائىنەست.
دىينى تۇ جۇدا كەردەن يارانى شەفىق،
ئائىنى ئەجەب، ۋەھ چە بەلا بەددىنەست.

تەرجىمىسى:

*ئەي چەرخى پەلەك ھەمىشە ئىشىڭ شۇنداق،*
*بىزلەرگە زۇلۇم، جەۋرۇ جاپالار قىلماق.*
*شەپقەتلىك دوستلارنى جۇدا قىلماق بۇرچۇڭ،*
*رەسمىڭدۇر ئاجايىپ، ۋاھ، نې بالالار قىلماق.*

جۇدالىق ئوتلىرى دەممۇ دەم كۈچىيىپ، ھىجران ئازابلىرى بارغانسېرى ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىدى. خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش دەملىرىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بۇرۇنمۇ تالاي قېتىملىق جۇدالىق كېچىلىرى ئۇچرىشىش سۈبھىلىرىگە ئالماشقانىدى. مۇشۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن تەسكىن تاپقاندەك بولاتتىم. بېيت:

*مەن ئىن خەيالۇ تەسەۋۋۇر كۇنەم، فەلەك گۇيەد:*
*زىھى تەسەۋۋۇرى باتىل، زىھى خەيالى مەھال.*

تەرجىمىسى:

*بۇنى خىيال ۋە تەسەۋۋۇر ئەيلىسەم، پەلەك ئېيتۇر:*
*«ئەجەب تەسەۋۋۇرۇڭ باتىل، ئەجەب خىيالىڭ خام.»*

كۆڭۈل تىلى يەنە:«بۇ ھىجران كېچىسىنىڭ سۈبھىسى قىيامەت كۈنىگە قالغۇسى» دەۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى.

ئەلقىسسە، پېقىر خاندىن ئايرىلىپ تۆت كۈندىن كېيىن، خان مۇبارەك قوللىرى بىلەن بىر ئىنايەتنامە يېزىپ، پېقىرغا ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:«ساقرى داۋىنىدىن ئوڭايلا ئۆتتۇم. تەبىئىتىمگە گۇمان قىلىنغان كېسەل يوقلىنىدى. خۇداغا شۈكۈر، ساق ـ سالامەت نۆبرەگە كىردۇق، قۇربان ھېيت نامىزىدىن يېنىپ، ياركەندكە راۋان بولىمىز، ۋەسسالام.» بۇ شەرەپلىك مەكتۇپقا خان ئۆزىنىڭ مۇبارەك تەبئى (تالانتى)نىڭ مېۋىسى بولغان بۇ تۈركىي رۇبائىينى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ، رۇبائىي:

*ئەزم ئەيلە، سەبا، يەت گۇلى خەندانىمغە،*
*نې گۇلكى، قۇياشدەك مەھى تابانىمغە.*
*ئېلتكىل داغى ئىشتىياق مەنزىلى مەندىن،*
*زىنھار دېگىل سەلام تۇغقانىمغە.*

بۇ خاننىڭ پېقىرغا يازغان ئاخىرقى مەكتۇپى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىشكە تەقدىر پۇرسەت بەرمىدى.

دېمەك، ئۇلار نۆۋبەرەدە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، تېزلىكتە راۋان بولۇپتۇ. مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ يەرنىڭ دوزاخ كەبى ئىسسىق ھاۋاسىدىن خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا كېسەل تېگىپتۇ. ئۇ يەردىن تۇتەك يوق يەرنىڭ ئارىلىقى سەككىز كۈنلۈك يولدۇر. تۇتەك ئاغرىقىنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا تىبەت ئەھۋاللىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى. ئەمىرلەر مەسلىھەتلىشىپ:«بۇنداق كېسەلگە دۇچار بولغاندا، مەيلى تېز ياكى ئاستا يۈرۈشنىڭ ھەر ئىككىلىسى خەتەرلىك، شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا تېزرەك تۇتەك يوق يەرگە يېتىۋالغىنىمىز ئەۋزەل. ئۇ يەرگە يېتىۋالغۇچە ئېھتىمال كېسەلنىڭ شىددىتىگە بىمار تەبىئىتىنىڭ قۇۋۋىتى يار بېرىپ قالار. ئەگەر تۇتەك بار يەردە ئاستا يۈرۈپ، ھايال بولساق، بۇ خەتەرلىكتۇر» دېيىشىپتۇ. بېيت:

*جوز دو گونە چارەئی كارەت، كوجاست،*
*یا بەمىرى، یا كوشەندەت راست، راست.*

تەرجىمىسى:

*بۇ ئىشىڭنىڭ چارىسىدۇر ئىككى خىل،*
*ياكى ئۆلگىن، ياكى قىينالغىن تىرىل.]*

پايدىسىز ۋە ناتوغرا پىكىرلىك ئەمىرلەرنىڭ كاتتىسى مىرزا ئەلى تاغاي ئىدى. ئۇلار بۇ قەدەر ئېغىر كېسەل بولغان خاننى ئاتقا مىندۈرۈپ، تۆت تەرەپتىن يۆلەپ، تېزلىكتە مېڭىپتۇ. گەرچە ئۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن مەپە بىلەن ئېلىپ ماڭسىمۇ بولغان ئىكەن. مەپىنى قول بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرگەندە ئېگىز قىيا ۋە قىيىن يوللاردىن ئۆتەلمەيمىز، دېگەن باھانە ـ سەۋەبنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىيىن يوللاردىن ئۆتۈپ، كۆتۈرۈپ ماڭغىلى بولىدىغان يەرگىچە ئات بىلەن ئېلىپ مېڭىپتۇ، مىسرا:

*روزىكى قەزا باشەد كوشىش نەكونەد سودى.*

تەرجىمىسى:

---

*تەقدىرى ئەجەل كەلسە، تىركەشسىمۇ يوق پايدا.*

دېمەك، ئۇلار سەككىز كۈنلۈك يولنى تۆت كۈندە بېسىپ، ناماز پېشىن ۋاقتى بولغاندا بىر مەھەللىگە كېلىپتۇ. ئۇ يەردىن تۈتەك يوق يەرگىچە ئۈچ فەرسەڭلىك مۇساپە قالغان ئىكەن. شۇ مەھەللىگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئەجەل خەۋىرىمۇ يەتكەندى.

**نەزم:**

*يەتسە ئول ۋەقت ئەگەركى بۇ تەركىب،*
*مۇ تەلاشى بولۇر ھەمە ئەجزا.*
*قىلۇ قال ئانىڭدا سىغماغۇسى،*
*كىمسەگە يوق مەجالى چۈنۇ چەرا.*

[شۇ سائەتتە خاننىڭ تەبىئىتىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسىنى كېسەلنىڭ شىددىتى ۋە تىبەت ئەھۋاللىرىنىڭ باياندا شەرھلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ يەرنىڭ دوزاخ كەبى ئاب ـ ھاۋاسى، **بېيىت:**

*ھەجرۇ ۋەسلى تۇ سەمۇمەستو سەرابەست، ئانجا*
*نەزىد ھېچ كەسى ئابۇ ھەۋايى ئەجەب ئەست.*

تەرجىمىسى:

*ۋەسلىڭ بىلەن ھىجرانىڭ گويا ئۇپ بىلەن ئالۋۇن،*
*بارمىسۇن يېقىن ھېچكىم بۇنداق غەلىتە جايغا.]*

خاننىڭ تەبىئىتىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ھەممىسىنى خورىتىپ، ئۇنى تولۇق يەڭدى. شۇ چاغدا دىندارلارنىڭ دەرۋىش سۈپەت پادىشاھى، ئادالەت ئەھلىنىڭ ئىقتىدارلىق يېتەكچىسى بولمىش خان «سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن»① دېگەن چاقىرىققا «لەببەيكە» (خوپ، بولىدۇ) دەپ ئەمەل قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ پاك روھى بۇ بۇلغانغان دۇنيادىن ئەڭ پاك ۋە ئەڭ مۇقەددەس ئالەمگە يۈرۈپ كەتتى. «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.» ② ئاللاھ ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرسۇن، سۆزلىرىنى يارقىن ۋە ئوچۇق قىلسۇن. **مەسنەۋى:**

*دەرىغ، ئان شەھەنشاھى ساھىبقىران،*
*جەمى تاج بەخشۇ مەمالىك سىتان.*

① «قۇرئان كەرىم»، 89 ـ سۈرە فەجر، 28 ـ ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 156 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

دەرىغ، ئانكى دىگەر نەيايەد زەمىن،
بەسەد قەرن شاهى بەئان دادۇ دىن.

دەرىغ، ئان جەهاندارى پاك ئېئتىقاد،
سەلامۇ فەلامۇ بەلادۇ ئىباد.

تەرجىمىسى:

ئېسىت، كەتتى ئۇ شاهى ساھىبقىران،
ئۇلۇغ تەجبەخىشلىكتە جەمشىد نىشان.

ئۇنىڭدەكىنى كۆرمەس بۇ پانىي زېمىن،
ئەگەر ئۆتسە يۈز قەرنلەر شاهى دىن.

ئېسىت، كەتتى ئۇ شاهى پاك ئېتىقات،
مۇنەۋۋەر يېتەكچى، جەسۇر، ياخشى زات.

دېمەك، بۇ جاننى ئۆرتىگۈچى دەھشەتلىك ۋەقە تارىخنىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇزى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون ئالتىنچى كۈنىدە① يۈز بەرگەنىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇ قاپلان ۋە لەھەڭ كەبى يىرتقۇچ ۋە پىشمىغان زامان ئاجايىپ ئويۇنلارنى ئاشكارا قىلدى، ئۇنىڭ زىكرى پات پۇرسەتتە ئېيتىپ ئۆتۈلىدۇ.

مەخپىي قالمىسۇنكى، خاننىڭ شەرەپلىك نەسەبىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: غالىبلار ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى، ئۇ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى، يۇنۇسخان سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى، سۇلتان ئۇۋەيسخان شىر ئەلىخاننىڭ ئوغلى، ئۇ مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى. مۇھەممەدخان خىزىرخاجەخاننىڭ ئوغلى، ئۇ تۇغلۇقتېمۇرخاننىڭ ئوغلى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئۇلۇغ قىلغاي.

تۇغلۇقتېمۇرخاندىن تاكى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسكىچە بولغان نەسەبنىڭ تەرتىپى «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ» تا ۋە «زەفەرنامە»نىڭ مۇقەددىمىسىدە زىكىر قىلىنغان. ئۇنى ئاللاھ خالىسا تارىخى ئەسلى (1 ـ توم)دا زىكىر قىلىمىز. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە تەكرارلىمىدۇق.

بىلمەك كېرەككى، سۇلتان سەئىدخان تارىخقا سەككىز يۈز توقسان ئىككىدە② موغۇلىستاندا تۇغۇلغانىدى. مۇبارەك ئېتىنى بوۋىسى يۇنۇسخان قويغانىدى. ئون تۆت ياشقا كىرگۈچە موغۇلىستاندا ئاتىسىنىڭ قولىدا ۋە ھۇجرا تەربىيىسىدە بولدى. سائا-

① ھىجرىيە 939 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 16 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيىنىڭ 892 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1486 ـ 1487 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

دەتلىك ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان بۇزرۇكۋار قېرىندىشى [ سۇلتان مەھمۇدخان ]
بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تاشكەندكە بارغاندا [ سەئىد] خاننىمۇ ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ
بارغانىدى. ئاخسىدا شاھىبېكخان بىلەن خانلار ئارىسىدا جەڭ بولغان ۋاقىتىدا، خانلار
يېڭىلدى. شۇ جەڭدە سۇلتان سەئىدخان يارىدار بولۇپ، ئاخسى ھاكىمى شەيخ بايەزىد-
نىڭ قولىغا تۇتقۇن بولدى. شەيخ بايەزىد بىلەن شاھىبېكخان ئوتتۇرىسىدا بولغان «بۆرە
ئاشتى» ۋەقەسىنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەندۇق. شەيخ بايەزىد خاننى بىر يىل-
غىچە قاماقتا ساقلىدى. كېيىنكى يىلى شاھىبېكخان كېلىپ شەيخ بايەزىدنى ۋە ئۇنىڭ
ئىنىسى تەنبەلنى ئۆلتۈردى، فەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆز تەۋەلىكىگە ئالدى، خاننى قاماق-
تىن چىقىرىپ، ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى، ھىسار ۋە قۇندۇزنى ئالغان سەپەردە خان شا-
ھىبېكخان بىلەن ھەمراھ ئىدى. شاھىبېكخان بۇ لەشكىرى يۈرۈشتىن قايتىپ، خا-
رەزمگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا خان ئون ئالتە ياشتا ئىدى. خان سەمەرقەند-
تىن ئون يەتتە كىشى بىلەن قېچىپ، موغۇلىستانغا، تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ ھۇزۇرىغا
باردى. ئاخىر موغۇلىستاندىن بىر جەڭدە قېچىپ، ئەندىجانغا كەلدى. ئەندىجاندا شاھ-
بېكخان قويغان ھاكىم، خاننى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە تۇتۇپ قامىدى. خان ئۇنىڭدىن
ئاجراپ قېچىپ، كابۇلغا، ھاممىسىنىڭ ئوغلى بابىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. پا-
دىشاھ ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھىسارغا يۈزلەندى، خاننى ئەندىجانغا
ئەۋەتتى. خان ئەندىجانغا كەلدى. تاغام ئەندىجاننى خانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى خان-
نىڭ خىزمىتىنى قىلدى. ئۆزبېكلەر كېڭەيىشكە باشلىغان ۋاقىتتا خان ئەندىجاننى
تاشلاپ، قەشقەرگە كېلىپ جەڭ قىلىپ، قەشقەرنى ئىگىلەپ، يىگىرمە ئۈچ يىل مۇس-
تەقىل ھالدا پادىشاھلىق قىلدى. ئاخىرقى ۋاقىتتا تەڭرى يولىدا خالىس غازات قىلىش
نىيىتىدە، تىبەتكە بېرىپ، تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇزدا تۆتەك كېسىلى بىلەن
ئالەمدىن ئۆتتى، شەرەپلىك ئۆمرى قىرىق يەتتە ياشقا يەتكەنىدى. ئەجداد ۋە پۇشتىدىن
باشلاپ ھەنەفىي مەزھىپىدە ئىدى؛ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئو-
يۇن ـ تاماشا ۋە كەيپ ـ ساپاغا كۆپرەك مايىل ئىدى؛ ياخشى ئىشلار ۋە گۈزەل
خۇلقلارغا كەمرەك مەشغۇل ئىدى؛ ئۆمرى ئوتتۇز يەتتىگە يەتكەن چاغدا ھەممە ئويۇن ـ
تاماشا ۋە كەيپ ـ ساپادىن تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى ھەزرىتى ئىشان مەخدۇمى خاجە شىھا-
بىل ـ مىللە ۋەددىن، مەشھۇر نامى خاجە خاۋەند — ئاللاھ ئۇنى سالامەت قىلغاي —
نىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈپ، تەسەۋۋۇپ يولىغا كىردى. خان بۇ شەرەپلىك سۇلۇك بىلەن
داۋاملىق شۇغۇللىناتتى؛ ھەممە چاغدا كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ئىبادەت قىلىش-
نى تەرك قىلمايتتى. ھەممە ئولتۇرۇشلىرىدا تەرىقەت سۆزلىرىدىن باشقا سۆز كەمرەك
زىكىر قىلىناتتى. خانغا تەسەۋۋۇپ سۇلۇكىگە دائىر سۆزلەر بەكمۇ تەسىر قىلاتتى. خان
شەرەپلىك شەرىئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئادالەتنىڭ جارى قىلىنىشىغا ئىنتايىن كۆپ
تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. شەرىئەت ھۆكمىگە ئەمەل قىلىشتا ھېچقاچان بىپەرۋالىق
ۋە سۇسلۇق قىلمايتتى. كۆپىنچە ئىشلار ۋە مۇئامىلىلەردە شەرىئەت مەھكىمىسى ھۆ-

كۆم چىقىراتتى. خان ئالىملارغا ھەددىدىن تاشقىرى ئىززەت ـ ئىكرام قىلاتتى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، زامانىمىز سۇلتانلىرى خاننىڭ ئالىملارغا ھەددىدىن ئارتۇق ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشتى. خان ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

— بىر ـ بىرىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىش باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىقنىڭ بەلگىسى. ئالىملىرىمىز جىسمانىي ۋۇجۇدى جەھەتتە بىزنىڭ ئەڭ ئاددى خىزمەتچىلىرىمىز بىلەن ئوخشاش. مېنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىم ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىلمى ئۈچۈندۇر، — دەيتتى. سوپى ۋە سالىھلاردىن ھەرقانداق كىشىنى كۆرسە، ئۇلارنى گويا قېرىندىشى ئورنىدا كۆرەتتى، ئۇلارنى ھېچبىر تۈزۈت ۋە تەكەللۇپ قىلدۇرمايتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ئىگىسى، پادىشاھ ئىكەنلىكىنى زادىلا يادىغا كەلتۈرمەيتتى؛ ئۇنىڭ خۇش خۇلقى ۋە يېقىملىق مۇئامىلىسى ھەممىگە ئورتاق ۋە ئوخشاش ئىدى. گەرچە شۇنچە كۆپ خەلق ئۇنىڭ سەلتەنەت مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خان ئۇلارغا شۇ قەدەر ياخشى ۋە يېقىملىق مۇئامىلە قىلاتتىكى، ئۇنىڭدىن زىيادىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پېقىر يىگىرمە تۆت يىل خاننىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. بۇ مۇددەت ئىچىدە خاننىڭ بىرەر كىشىگە ئەدەپسىزلىك ۋە ھاقارەتلىك تىل بىلەن سۆز قىلغانلىقىنى ئىشىتمىدىم؛ ئەگەر بىرەر گۇناھ بىلەن بىراۋغا دەشنام بېرىش كېرەك بولسا، «نەس» ياكى «مۇردار» ① دەپ تىللايتتى. بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ئاغزىدىن چىقىپ باقمىغان بولسا كېرەك.

## خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

نەزم:

*فەلەك بىر خىش بەجانى ئەژدىھا ئىست،*
*پەيى ئازارى ما زور ئازما ئىست.*

*گىرىفتارىم دەر پىچۇ خەمى ئۇ،*
*رەھىدەن چۇن تەۋانىم ئەز دەمى ئۇ.*

*نەبىينى كەس ئەزۇ زەخمى بەخۇردە،*
*زى سەد كەس بىر يەكى رەھمى نەكەردە.*

*زى زۇلمەش ھىچ كەس سالىم نەجۇست ئەست،*

---

① مۇردار ـ نىجىس، بۇزۇلغان، يېيىشكە بولمايدىغان گۆش، تاپ.

*كۇدامىن سىنە كان زالىم نەجۇست ئەست.*

تەرجىمىسى:

*فەلەك نەسلىم جىنىغا ئەجدىھادۇر،*
*ئازابىمغا نە دەرمان، نە داۋادۇر.*

*دۇچار بولدۇم توقايلىقتا، نە ئىمكان،*
*قىچىش دەم تارتىشىدىن بولماس ئاسان.*

*قۇتۇلماس يەم بولۇشتىن بارچە ئادەم،*
*رەھىم قىلمايدۇ يۈزدىن بىرسىگە ھەم.*

*قىچىپ زۇلمىدىن ھېچ ئىنسان قۇتۇلماس،*
*كىشى بارمۇ بۇ زالىمغا تۇتۇلماس؟!*

زالىم پەلەكتىن شىكايەت قىلىنغان، تەتۈر ئايلانغۇچى چەرختىن يەتكەن ئازاب، كۈلپەتلەردىن ۋە ئۇڭۇشسىزلىقلاردىن ھېكايەت قىلىنغان تۆركىي رۇبائىي بار. رۇبائىي:

*جانا نې جەفالاركى ماڭا قىلمادىڭىز،*
*بىر زەررە ماڭا رەھىم نېگە قىلمادىڭىز؟*
*يۈز قاتلا ۋەفا ۋەئدە قىلىپسىز، ئەمما،*
*بىر قاتلا بۇ ۋەئدەغە ۋەفا قىلمادىڭىز.*

تەقدىرنىڭ ئىرادىسى جارى قىلىنىشقا باشلىغاندا، بەندىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا «قانداقچە»، «نېمىشقا» دەپ سوراشقىمۇ ماجالى يەتمەيدۇ. رۇبائىي:

*ئان روزكى تەۋسەنى فەلەك زىن كەردەند،*
*ئارايىشى مۇشتەرى زى پەرۋىن كەردەند*
*ئىن بۇد نەسىبى ما زى دىۋانى قەزا،*
*ماراچە گۇنەھ قىسمەتى ما ئىن كەردەند.*

تەرجىمىسى:

*شۇ كۈندە پەلەك تۇلپارى پەرۋاز قىلدى،*
*مۇشتەرىگە ھۆكەر بىلەن پەرداز قىلدى.*
*تەقدىر يازمىشىدىن نېسىۋەم مۇشۇ بولدى،*

*گۇناھىم نېمىدۇر، قىسمىتىم ناساز قىلدى.*

خان ئامانەتنى جان ئالغۇچىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، شەيتانلارنىڭ كاتتىسى مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن شەيتانلارنىڭ ئانىسى خاجە شاھمۇھەممەد دىۋان ئىككىسى نەچچە يىللاردىن بېرى ھەسەت ئۆچمەنلىكىنى كۆزلىرىدە نۇردەك ساقلاپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئىككىسى بىرلىشىپ، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كۈيئوغلى يادگار مىرزىنى ئاقسۇغا، رەشىد سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى، ئۇلار باشتىن ئاخىر يالغان بىلەن تولغان بىر ئەرزنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، بۇ كاززاپلار ئۇنىڭغا خاننىڭ ۋەسىيىتى دەپ ئات قويۇشتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:«خان جان ئۈزۈش ئالدىدا مۇنداق دېدى:(مېنىڭ تىبەتكە بېرىپ غازات قىلىش غەرىزىم يوق ئىدى. سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەر تولا سايە ـ سەۋەبلەر بىلەن دالالەت قىلىپ، مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. ئەگەر پەرزەنتىم ئەبدۇررەشىد ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرمىسە، مەن ھەرگىز رازى بولمايمەن. سەييىدمۇھەممەد بىلەن مىرزا ھەيدەرنى قەتلى قىلسا، مېنىڭ قىساسىمنى ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەييىد مۇھەممەدمىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەرلا بولىدىكەن، خانلىق ئوغلۇم ئەبدۇررەشىدكە مەنسۇپ بولماي قالىدۇ)...»

ئۇلار ئەنە شۇنداق ھەر قىسما يالغان گەپلەرنى قۇراشتۇرۇپ، نەچچە يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن شۇملۇقلىرىنى ئەرزنامە قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. يەنە بىر كىشىنى تاغامنىڭ ھۇزۇرىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ:«خانغا مۇنداق ئەھۋال يۈز بەردى، قانداق قىلىمىز؟ ئەمرىڭىزنى ئاڭلىساق، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىمىز...» دەپ قانچىلىغان يالغان ۋەدە ـ قەسەملەر بىلەن مەلۇمات يوللاپتۇ.

بۇ خەۋەر تاغامغا يېتىپتۇ، ئىنتايىن ئىزتىراپ ۋە بىتاقەتلىك يۈز بېرىپ، يۇقىرى چەككە يەتكەن مەھەلدە، خاننىڭ مۇبارەك جەسىتى تېزلىك بىلەن ئېلىپ كېلىنىپتۇ ـ دە، دىۋانخانەنىڭ ھۇجرىسىدا دەپنە قىلىنىپتۇ. بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا تاغام قەشقەردىن يېتىپ كېلىپ، خاننىڭ ئالىي نەسەبلىك خانىملىرى ۋە ھەرەم ئەھلىگە ئۆزىنىڭ تەزىيىسىنى يەتكۈزۈپتۇ ۋە نەزىر ـ چىراغ رەسمىيەتلىرىنى ئورۇنداپتۇ. نەزىر ـ چىراغ سىرتتا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تاغام ئۇ يەردىكى ئەمىرلەر، ئۆلۇمالار ۋە دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن مەرھۇم خاننىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قارىمۇقارشىلىق ۋە ئىچكى نىزالارنى توسۇش ھەققىدە ئەھدۇ ـ پەيمانلار قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئەمىرلەرنىڭ ھۇزۇرىدا تاغاممۇ ئەھدۇ ـ پەيمان قىلىپ:«بىزمۇ ساداقەت ۋە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق يوسۇنلىرىنى ئېلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بەجا كەلتۈرىمىز» دەپتۇ. بولۇپمۇ مىرزا ئەلى تاغاي خىزمەتكارلىق، ئىخلاس ـ ئېتىقات ۋە بىرلىك دەۋالىرىنى يالغان قەسەملەر بىلەن كۈچەيتىپ ئىزھار قىلىپتۇ.

بۇ ئىشلارنى پۈتكۈزۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئەبدۇررەشىد سۇلتاننى خان

قىلىپ كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تەزىيە ئەھۋالىنى يەتكۈزۈشنى قارار قىلىشىپتۇ. دېمەك، ئۇلار رەشىد سۇلتانىنىڭ نۇسرەتلىك قەدەملىرىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا رەشىد سۇلتانىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. تاغام دۆلەت كاتتىلىرى، ئۆلۇمالار ۋە ئەمىرلەرنى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىدىشقا تەيىنلەپ، هازىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئاندىن يەنە:«ھەم يىلنىڭ ئايىغى ھەم ئاينىڭ ئاخىرى بولغان چارشەنبە كۈندە شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى، ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى بۇ كېچە شەھەر سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇپ، ئەتە پەيشەنبە كۈنى، ھەم مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى، ھەم توققۇز يۈز قىرىقىنچى يىلنىڭ بېشى ناھايىتى قۇتلۇق ۋە مۇبارەك كۈندۇر، شۇ كۈنى شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغاي» دەپتۇ. ئەمىرلەر ئىستىقبالىغا بېرىپ، تاغامنىڭ سۆزىنى رەشىد سۇلتانغا يەتكۈزۈپتۇ.

ئەمما، مىرزا ئەلى تاغاي مەخپىي ھالدا رەشىد سۇلتانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ:«خانىنىڭ گەدىنىمىزدە تۇز ھەققى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، سەييىدمۇھەممەد مىرزا ماڭا ۋە باشقا ئەمىرلەرگە قىلغۇزغان قەسەمنى بۇزۇپ، بۇ ئەھۋالنى ئەرز قىلىۋاتىمەن، ۋاقتىدا بۇنىڭ تەدبىرىنى كۆرگەيلا، ئەرزىم شۇكى، سەييىد مۇھەممەد مىرزا ھەممىمىزگە قەسەم قىلدۇرۇپ:(رەشىد سۇلتان كەلگەن ھامانلا ئۇنى شۇ ھامان ئاتىسىنىڭ يېنىدا ياتقۇزىمىز ۋە خانلىق تەختىگە ئىسكەندەر سۇلتاننى ئولتۇرغۇزىمىز، دەپ كېڭەش قىلىپ، قارار قىلدى)» دەپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نەچچىلىگەن يالغان سۆزلەرنى توقۇپ، رەشىد سۇلتاننى ئالداپتۇ. ئاندىن:«سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى كۆرگەن ھامان گەپ سورىماستىنلا ئۇنى ئۆلتۈرگەيلا» دەپتۇ ۋە شۇنداق قارار قىلىشىپتۇ.

ئەلقىسسە، تارىخقا توققۇز يۈز قىرىقىنچى يىلنىڭ بېشى، مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى پەيشەنبە بولۇپتۇ، رەشىد سۇلتان تاڭ سەھەردە ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە قاراپ يۈزلىنىپتۇ. تاغام ماتەم كىيىملىرىنى كىيىپ، خان ـــ ئاللاھ ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي ـــ نىڭ مەقبەرىسىدە ئولتۇرغان ئىكەن. خۇددى بۇ روبائىيدا ئېيتىلغىنىدەك، رۇبائىي:

*دىر ماتەمى تۇ دەھر بەسى شىۋەن كەرد،*
*لالە ھەمە خۇن دىيدە دەر دامەن كەرد.*
*گۈل جەيبى قەبايى گەرغەۋانى پەدرىد،*
*قۇمرى نەمەد سىياھ دەر گەردەن كەرد.*

تەرجىمىسى:

*ئالەم ماتىمىڭگە ئەجەب مۇڭ ـ پىغان قاتتى،*

*لالە ئىتەكلىرىگە قان ـ ياش تۆكۈپ، ئاھ تارتتى.*
*گۇل يىرتىپ قىزىل ياقىسىنى، ھازا ئېچىپ،*
*قۇمرى① بويۇنلىرىغا قارا كېگىز ئارتتى.*

رەشىد سۇلتان ئاتلىق ھالدا ئىشكىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپتۇ. تاغام شۇ چاغدا [ ياقىلىرىنى يىرتىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ، كۆك سەللىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، بويۇنلىرىغا قارا كېگىزنى سېلىپ ] ئالدىغا چىقىپتۇ، نەزم:

*دىل خۇنۇ جان فىگارۇ جىگەر رىشۇ سىنە چاك،*
*ھەم خۇد بەگۇكى چۇن نەكەشەم ئاھى دەردناك.*
*گەتىرى كەفەنى زى خاكى دەرەت كەردەم ئاززۇ،*
*ۋا ھەسرەتاكى مىبەرەم ئىن ئارزۇ بەخاك.*

تەرجىمىسى:

*جېنىم زەئىپ، جىگەر يارا، كۆكرىكىم چاك، يۈرىكىم قان،*
*ئۆزۈم دائىم تارتماقتىمەن دەرد ـ ئەلەملىك ئاھۇ فىغان.*
*كېپىنىمگە ئەتىر بولغاي دەرگاھىڭنىڭ تۇپرىقى دەپ،*
*ئارمان قىلار ئىدىم، ئېسىت، بەربات بولدى ئارزۇ ـ ئارمان.*

تاغام:«ۋاي ھەسرەتا! ۋاي ئېسىتا!» دەپ، باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ، زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپتۇ. رەشىد سۇلتاننىڭ كۆزى تاغامغا چۈشۈش بىلەنلا:«تۇتۇڭلار!» دەپ بۇيرۇپتۇ، ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى تۇتۇپتۇ ـ دە، بۇ مۇسۇلماننىڭ بوغىزىغا نامۇسۇلمانلىق تىغىنى سۈرۈپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. ئەلى سەييىد — ئۇنىڭ نامى يۇقىرىدا بىرقانچە ئورۇندا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەنىدى — نىمۇ شېھىت قىلىپتۇ. بۇ ئىككى گۇناھسىز بىچارىلەرنى شېھىت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتىسىنىڭ قەبرىگاھىغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن كېيىن، ھەرەمگە، خانىملار ھوزۇرىغا بېرىپتۇ. مۇشۇ ئەھۋال ئەسناسىدا مىرزا ئەلى تاغايىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، تاغىلىرىمنىڭ پەرزەنتلىرىدىن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن مەنسۇر ۋە ئەبابەكر مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى سۇلتانمۇھەممەد مىرزا ۋە سەييىد مەھمۇد مىرزا قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياشلىرى تېخى يىگىرمىگىمۇ يەتمىگەنىدى. تاغامنىڭ قالغان ئەھلى ئاياللىرىغا ناھايىتى قاتتىق ئاھانەتلەرنى قىلىپتۇ. تاغام رەشىد سۇلتانغا كۆپ ياخشى خىزمەتلەرنى قىلغانىدى، ئۇنىڭ بەدىلىگە

---

① قۇمرى – كەپتەر تۈرىگە مەنسۇپ، بويىندا قارا بەلدىسى بار كۆلرەڭلىك قۇش، پاختەك.

ئۆلتۈرۈش ۋە بۇلاپ ـ تالاش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. [ ئىمانىنى شېپى كەلتۈرۈپ ۋە ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ قىلىشقان ۋەدە ـ قەسەملىرىنى ئۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن يۇيۇپتۇ] . [ بېيت:

*جەھان پۇر كۇفر ئەزان زۇلفى دو تا شۇد،*
*مۇسۇلمانان، مۇسۇلمانىي كۇجا شۇد.*

تەرجىمىسى:

*جاھان ئىككى چېچىدىن كۇپرانە بولدى،*
*مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانلىقتا نە بولدى.*

ئالەم ئەھلى ئىچىدە چوڭلاردىن ھەرقانداق كىشى ۋاپات بولسا، پۇل ـ ماللىرىنىڭ ئەڭ پاكلىرىنى خەجلەپ، چارۋىلىرىنىڭ ھالاللىرىنى بوغۇزلاپ، خەتمىقۇرئان قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى، ئوخشاشلا رەشىد سۇلتانمۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئەلى سەييىدنى ۋە تاغامنى باللىرى بىلەن قوشۇپ بوغۇزلىغاندىن كېيىن، ئاندىن خەتمىقۇرئان قىلىپتۇ. نەزم:

*زالىمنىڭ ئاتاسى ئۆلمىش ئىدى،*
*قىلدى خەتمىنى خۇنى مەردۇم ئىلە.*

*[دەر ئەزايەش بەجايى يەك گىريە،*
*سەد كەررەت خەندەۋۇ تەبەسسۇم كەرد.*

تەرجىمىسى:

*ھازىسىدا يىغلاشىنىڭ ئورنىغا،*
*يۈز قېتىم كۈلدى تەبەسسۇم ئىلە.]*

ئۇ تاغامنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ يېقىنلىرىغا كىشىنىڭ كۆڭلىنى يىرگەندۈرىدىغان نالايىق تەلەپلەرنى قويۇپتۇ. بۇنى بايان قىلىش خىجالەتچىلىككە سەۋەب بولغاچقا، سۆزلەشتىن ئۆزىمىزنى تارتىشقا توغرا كەلدى، شۇڭا يەنە بىر ھېكايىنى بايان قىلىمىز:

مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ـــ ئۆزىنىڭ «زەفەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئەمىر تېمۇردىن كېيىن بوۋىسىنىڭ ئورنىدا سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇرغان ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان خەلىل مىرزىنىڭ ئەھۋالى-

نى بايان قىلغان. سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن «زەفەرنامە»دە زىكىر قىلىنغان ھېكايىنى بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. سۇلتان خەلىل مىرزىدىن كېيىن رەشىد سۇلتاندىن باشقا ھېچبىر ئىنسان بالىسى مۇنداق قاباھەتلىك زۇلۇمنى قىلمىغان بولسا كېرەك. رەشىد سۇلتاننىڭ قىلمىشلىرىنى شەرھىلەشكە شەرم ـ ھايا ۋە خىجالەت يول قويمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ ھېكايىسى بۇ كىتابقا مىسال سۈپىتىدە نەقىل قىلىپ يېزىلدى. ئەقىل ئىگىلىرى رەشىد سۇلتاننىڭ قىلمىشلىرىنى سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ نەقىل قىلىنغان مىسالىدىن قىياس قىلىپ بىلىۋالسۇن.

مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ بۇ قەبىھ قىلمىشىنى بايان قىلىشتىن مەقسىتى دۆلەت ئىگىلىرىنىڭ ياخشى ئىشلارغا قەدەم قويۇشىغا ۋە بۇنداق يامان قىلمىقلاردىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆزىنى تارتىشىغا پايدىسى بولار دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

«زەفەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل مانا بۇ:

شاھزادە سۇلتان خەلىل مىرزا ئۆزىگە ئائىلىق مۇناسىۋىتى بار، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام قىلىشقا تېگىشلىك ھەرەم خادىملىرىغا نىسبەتەن ئەقلىغە سىغمايدىغان نالايىق مۇئامىلىلەرنى قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئۇلارغا زورلۇق بىلەن پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەر بىرىنى شۇنداق كىشىلەرگە بەردىكى، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدا خىزمەتكار بولغىدەكمۇ لاياقىتى يوق ئىدى. بۇ گوياكى ھۆر سۈپەت پەرىشتىنى ئەھرەمەن دېۋىنىڭ ئېتىكىگە تاشلاپ بەرگەندەك، ئەنقا سۈپەت ھۇمايىنى قاغا ـ قۇزغۇن بىلەن جۈپ قىلىپ، بىر ئۇۋىغا قويغاندەك، قىممەت باھالىق يېگانە گۆھەرنى قەدىر ـ قىممەتسىز ئېشەك مونچىقى بىلەن بىر يىپقا تىزغاندەك، قىزىل ياقۇتنى يەمەننىڭ ئادەتتىكى قىزىل تاشلىرى بىلەن بىر نامدا ئاتىغاندەك قىلمىش ئىدى. نەزم:

*بۇ ئىشنى قىلىپ بولمادى شەرمسار،*
*نە ئەلدىن، نە ھەقدىن، ئەجەب كارۇ بار.*
*ئەگەر قالماسە شەھدە نامۇسۇ ئار،*
*بولۇر مۇلك بەرباد، ئۆزى خاكسار.*

بۇ نالايىق ئىش تۈپەيلىدىن، ئامالسىز پۇتكۇل خالايىقنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن سوۋۇدى. بارلىق پۇقرالار ۋە لەشكەرلەر چېچىلىپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈللىرىدە سۇلتان خەلىل مىرزىغا نىسبەتەن ئىخلاس ۋە ئېتىقاد قالمىدى.

ئەمما، رەشىد سۇلتان ئەنە شۇنداق قاتتىقلىقلارنى قىلغاننىڭ ئۈستىگە، يەنە ئۆزىنىڭ ھامىيلىرى، يەنى پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ھەرىمى، شاھمۇھەممەد سۇلتان-

نىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئانىسى، مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىمۇ ئانىمۇ بىر قې-
رىنداشلىرى بولغان خانىملارنى شۇ ۋاقىتتا ئىستىسقا كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئورۇن
تۇتۇپ يېتىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ، بەدەخشانغا
ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ئۇ بىچارىلەر بەدەخشانغا يەتمەي تۇرۇپ، مىڭلىغان جاپا - مۇشەق-
قەت ۋە ئازاب - كۈلپەتلەر بىلەن ۋاپات بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىسمائىل
سۇلتان، يەئقۇب سۇلتان ۋە مۇھتەرەم خېنىم قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى گۆدەك بالا، يە-
نە بەزىلىرى تېخى سۈت ئېمىۋاتقان باللار ئىدى. ئۇلار شۇنچىۋالا يالغۇزچىلىق، يې-
تىملىك ۋە غېرىپ - مۇساپىرلىق بىلەن كابۇلغا كەلدى. ئېسەنتېمۇر سۇلتان — ئۇ-
نىڭ زىكرى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنىدى — ھىندىستاندا، كامىران مىرزىنىڭ ھۇزۇ-
رىدا ئىدى. شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ باللىرى بولسا ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى-
نىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋېلىپ، ئاتىلىق شەپقى-
تىنى يەتكۈزۈپ، مۇھاپىزەت قىلىپ، تەربىيىلىدى. ئىسمائىل سۇلتان ھىندىستان
جېڭىدە ئۆلتۈرۈلگەنىدى. يەئقۇب سۇلتان كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. پېقىر مۇھەممەد
ھەيدەر مۇھتەرەم خېنىمنى كامىران مىرزىغا نىكاھلاپ بەرگەنىدىم. بۇ كېيىن زىكىر
قىلىنغۇسى. ئىسھاق سۇلتان ئاشۇ نىكاھ ۋە نەسەب ۋاستىسى بىلەن تاكى بۈگۈنگىچە
كامىران مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرىۋاتىدۇ.

## سۇلتان رەشىدخاننىڭ ئەمىرلەر ئەمىرى، بەلكى سۆزلەيدىغان تىلى ۋە تىنىقى بولغان، بارلاس ئېشىكى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئادىمى ھايۋان مۇھەممەدنىڭ زىكرى

يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، مۇھەممەدى بارلاس بولسا ئەلى مىرەك بارلاسنىڭ ئوغلى،
ئۇ بولسا ھۇسەين دەرۋىش بارلاسنىڭ ئوغلىدۇر. خان فەرغانە ۋىلايىتىدە ۋاقتىدا رەشىد
سۇلتان ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئاتىسىغا قوشۇلدى. خان ئۇنىڭغا غورى بارلاسنى ئاتا-
بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. مۇھەممەدى بولسا غورى بارلاسنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئى-
دى. شۇ كۈنلەردە غورى بارلاس كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەلى مى-
رەك بارلاسنىڭ ئاتابېگى بولۇشى قارار قىلىندى. قەشقەر خانىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا
ئۆتۈپ نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەلى مىرەك بارلاس تىبەت غازىتىدا قازا تاپتى.
ئاندىن كېيىن رەشىد سۇلتانغا ئاتابېگى بولۇش مىراس تەرىقىسىدە مۇھەممەدىگە قارار تاپ-
تى. شۇنىڭدىن كېيىن رەشىد سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى، [ رەشىد سۇلتاننىڭ ]
ئەمىرۇلئۇمەرالىقىنى مىرزا ئەلى تاغايغا بەردى.

ئەلى مىرەك بارلاس بولسا تاغام سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئانىسى بىلەن بىر
تۇغقان ئىدى. شۇ ئالاقە تۈپەيلىدىن تاغام بىلەن پېقىر ئىككىمىز ھەمىشە مۇھەممەدى-

نىڭ ئىشلىرىنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. ئەمما، مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتى. مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ پەسكەش، قارانىيەت ۋە رەھىمسىزلىكىنى چۈشەنگەنلىكتىن تاغامغا بىر ھەسسە دۈشمەنلىك قىلسا، مۇھەممەدىگە ئىككى ھەسسە دۈشمەنلىك قىلاتتى. [ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ تاغامنى ياقتۇرماسلىقىمۇ كۆپىنچە شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. چۈنكى مۇھەممەدى قانداقلا ئىشتا بولسۇن تاغامنىڭ قوللىشىغا تايىناتتى. ] شۇنداق ئىشلاردىن بىرى شۇكى، شاھمۇھەممەد سۇلتان ئۇنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ بالا ـ قازادىنمۇ ئۇنى تاغام بىلەن پېقىر سەۋەبكارلىق قىلىپ قۇتقۇزۇپ قالدۇق. شۇ سەۋەبتىن خانىملار بىلەن پېقىرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولدى.

رەھمەتلىك خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تاغامنى ئۆلتۈرۈش، ئۇنىڭ ئەھلى ئايالىرىغا ئىزا ـ ئاھانەتلەرنى قىلىشلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتە مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەت شۇكى، مۇھەممەدى بارلاسنىڭ رازىلىقى بولمىسا، رەشىد سۇلتان ھەرگىز مۇنداق يامان ئىشقا قەدەم قويماس ئىدى.

[ ئۇ رەشىد سۇلتاننى قايمۇقتۇرۇپ، شۇ قەدەر يولدىن چىقارغانىدىكى، ئۇنىڭ كۆڭلى قايسى نەرسىنى ئىستىسە، ئۇ ھەتتاكى كۇپۇرلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، رەشىد سۇلتان ئۇنى شۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچىلا ئورۇنلىدى؛ ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ شۇنچىۋالا نالايىق ۋە يىرگىنىشلىك ئىشلارنىمۇ قىلدى. ھەرەمدىكى ئالىي نەسەبلىك خانىملاردىن مەرھۇم خاننىڭ ھەرىمى، يەنى رەشىد سۇلتاننىڭ ئانىسى قاتارىدىكى خانىمنى رەشىد سۇلتان مۇھەممەدىگە نىكاھلىنىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇ خانىم رازى بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر كۈلپەت سېلىنىدىكى، ئۇنى تالان ـ تاراج قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قوغلاپ چىقىرىشتى. پاك ۋە مەرتىۋىلىك خانىملار ھۇماي قۇشى بىلەن قارغا بىر ئۇۋىدا ياشىغاندەك ھايات كەچۈرۈشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمىدى.

ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بەدىئۇلجەمال خانىمنى ئۆزبېك ـ قازاقلاردىن باباۋەش① سۇلتان ئىبنى ئەدىك سۇلتانغا بەردى. شەيبانىخان ئۆزبېكلىرى بىرلىشىپ، ئۆزبېك ـ قازاقلارنى يەڭگەندىن كېيىن، باباۋەش سۇلتان كۈيئوغۇللۇق مۇناسىۋىتىگە ئىشەنچ قىلىپ، رەشىد سۇلتاننى پاناھ تارتىپ كەلگەنىدى، رەشىد سۇلتان ئۇنى «ئۆلتۈرىمەن» دەپ قورقۇتۇپ، بەدىئۇلجەمال خانىمنى تالاق قىلدۇرۇپ، ئاجراشتۇرۇۋالدى. ئۇنى شۇنداق ئېسىل نەسەبلىك خانزادەدىن ئاجراشتۇرۇۋېلىپ، مۇھەممەدىگە بەردى. مۇھەممەدىنىڭ ئەجدادلىرىدىن ھېچكىممۇ بۇنداق ئالىي مەرتىۋىگە قول يەتكۈزەلىگەن ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن نالايىق ئىش بولدى. پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرانى پەرق ئەتمىدى. ئەمما، رەشىد سۇلتان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى راۋا كۆردى، ئۆزد-

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «بويداش» دېيىلگەن.

نىڭ خانىدانىغا ئۆزى ئاھانەت كەلتۈردى. ساغلام نۇتۇققا ئىگە ئادەمنى ھاڭرايدىغان ھايۋاندىن پەرقلەندۈرەلمىدى. نەتىجىدە بىر لاياقەتلىك ئەر بىلەن بولغان نىكاھنى زورلۇق بىلەن بۇزۇپ، قېرىنىدىشىنى بىر لاياقەتسىز ئادەمگە بەردى. مىسرا:

*رەسمى كۇدام مەردۇمۇ تەۋرى كوجاست ئىن*

تەرجىمىسى:

*قانداق ئادەم ئادىتى بۇ، قانداقلارنىڭ قىلىقى؟*

مۇھەممەدى نېمىسى بىلەن رەشىد سۇلتانىنىڭ كۆڭلىنى مۇنچە رام قىلىۋالدىكىن، قانداق قىلىپ ئۇنى بۇنچىۋالا تىزگىنلىۋالدىكىن؟ بۇنىڭ سەۋەبى مەلۇم ئەمەس. مۇھەممەدنىڭ يا خىزمەتلەردە تەجرىبىسى يوق، يا چوڭراق ئىشلاردا ئىقتىدارى يوق، يا ئۆزگىلارا مۇئامىلىدە تۈزۈكرەك نۇتقى ۋە چېچەنلىكى يوق. يا بىرەر ياخشى خۇي - ئەخلاقى يوق، ياكى بەزمە - ئولتۇرۇشلاردا زېرەكلىكى ۋە خۇشچاقچاقلىقى يوق، ياكى جەڭ - كۆرەشلەردە جاسارىتى يوق، قارىماققىمۇ كىشى ياقتۇرۇپ قالغۇدەك سۆلەت - سالاپىتى يوق. «ئىككىلا دۇنيادا قارا يۈز» دېگەن سۆز ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ناھايىتى ياخشى سۈپىتى ئىدى. خۇددى مۇنداق ئېيتىلغىنىدەك، بېيت:

*ئەي دەرۇنەتى سىياھ ھەمچۇ بىرۇن،*
*ئەي سىيەھ رويى ئەندەرۇنو بىرۇن.*

تەرجىمىسى:

*ھەي ئىچىڭدۇر تېشىڭ كەبى قاپقارا،*
*ئىچ - تېشىڭدۇر يۈزۈڭ كەبى قاپقارا.*

ئۇنىڭ قىڭغىر سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي يالغانچىلىق، شۇم گەپلىرىنىڭ بەرى باشتىن ئاخىر كاززاپلىقتۇر. ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئادىل باھا مانا مۇشۇ.]

راستىنى ئېيتقاندا، رەشىد سۇلتاندىن سادىر بولغان ھەر بىر نالايىق ئىشنىڭ ھەممىسى مۇھەممەدنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ۋە سەۋەبكارلىقى بىلەن بولغان. رەشىد سۇلتانغا نىسبەتەن مۇھەممەدنىڭ ھەممە سۆزلىرىگە ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئەگىشىدۇ. ۋەرگەنلىكىگە نارازى بولغىنىمىزدىن باشقا ئېتىراز بىلدۈرۈشىمىز يوق. مۇشۇ كۈنلەردە «مۇھەممەدى ھايات بىلەن خوشلىشىپتۇ» دېگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇق، ئەگەر

راست بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن رەشىد سۇلتان ئۆزىنىڭ ئەركى ۋە تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ياخشى يولغا كىرىپ قالار، ئۆتكەنكى نالايىق ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلار. ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئامىن.

## بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۇرسەك تەرەپكە بارغانلىقى، قېرىنداشىم ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ۋە بۇ لەشكىرىي يۈرۈشتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

خان پايتەخت ياركەندكە قايتقان ۋاقتىدا، پېقىرغا ئۇرسەككە يۈرۈش قىلىشقا يارلىق بەردى. تارىختا توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇز، زۇلھەججە ئېيىنىڭ بىرىنچى ئون كۈنى①دە پېقىر قۇربان ھېيت نامىزىنى مارىيۇلدا ئۆتەپ، ئاندىن ئۇرسەك بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىش نىيىتىدە يۈرۈش قىلدىم. يىگىرمە كۈنلۈك يەرگىچە باردۇق. ئۇ يەردە تىبەت كۆپپارلىرى ئۇچرىمىدى. ئۇلار بەزى يۇختىراق قەلئەلەرگە ئىشەنچ قىلىشىپ، شۇنىڭغا بېكىنىپتۇ. ئۇ قەلئەلەرنى ئاسانلىق بىلەن ئالغىلى بولمايدىكەن، مۇشەققەتلەر بىلەن ئالغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەلئەلەرنىڭ مەھسۇلاتى مۇشەققەتكە بەدەل بولالمايدىكەن. شۇڭا قېرىنداشىم ئەبدۇللاھ مىرزىنى، ئىسكەندەر سۇلتاننى ۋە تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزىنى ۋە ھەممە ئېغىر جابدۇقلار بىلەن ئاجىز ئاتلارنى شۇ يەردە قويۇپ، ئاتنىڭ ياش ۋە كۈچلۈكلىرىنى تاللىۋېلىپ، تېزلىكتە يۈرۈپ، سەپەر ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى تىبەتنىڭ بارماڭ② دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە تىبەتلىكلەردىن كۆپ ئادەمنى تېپىپ، چاپقۇن قىلدۇق. ئۇچيۈزمىڭدەك قوي ئولجا ئالدۇق، يەنە شۇنىڭغا يارىشا ئات، مال ـ مۈلۈك ۋە ئەسىر لەشكەرلەر قولغا چۈشتى. ئىسكەندەر سۇلتان، ئەبدۇللاھ مىرزا ۋە مەھمۇد مىرزىلارنى ئارقىمىزدىن يەتكۈزۈپ بولالمىدۇق، شۇڭا ئۇ يەردە ئوبدان بىر يايلاققا كېلىپ چۈشتۇق. ئەمما، پېقىر ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك يۈرۈپ كەتتىم.

تارىختا توققۇز يۈز قىرىق، مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى③ بولغاندا، ئۇلارمۇ قەلئەلەردىن بىرىگە يۈرۈش قىلىپتۇ. بۇ قەلئەنىڭ نامى كاردۇن ئىكەن، ئىسلام لەشكىرىنىڭ قامال قىلىشى بىلەن ئۇ قەلئەدىكى كۆپپارلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قال-

---

① ھىجرىيە 939 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ بىرىنچى ئون كۈنى مىلادىيىنىڭ 1533 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ يەر نامى پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «يارماڭ»، ئىككىنچى نۇسخىدا «يابدىيائاڭ» دېيىلگەن، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «بارياك» دەپ ئېلىنغان.

③ ھىجرىيە 940 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

غاچقا، ھىندىستان رايلىرىدىن بىرىگە ئىلتىجا قىلىپ، ئۇچمىڭ پىيادە لەشكەرنى ياردەمگە ئېلىپ كېلىپتۇ. [ مۇنداق دېيىلگىنىدەك، بېيت:

*سەران دو چەشم كەردەمكى، چۇ ھىندۇ ئان رەھزەن،*
*ھەمەرا بەنۆكى مىژگانزەدە بەر جىگەرى كەتارە.*

تەرجىمىسى:

*يولۇمدا ئىككى كۆزۈڭ ھىند قاراقچىسى بولدى،*
*كىرپىكلىرىڭ ئۇچلىرى جىگىرىمگە تىغ ئۇردى.*

ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن ئەبدۇللاھ مىرزا ۋە مەھمۇد مىرزىلار ئىككى يۈز كىشى بىلەن ئۇلارغا يۈزلىنىپ، ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپتۇ. شۇڭا بۇ ئىككى يۈز كىشىدىن ئازغىنا كىشىلا يېتىشىپ بېرىپتۇ. قېرىنداشىم ئەبدۇللا مىرزا تونۇلغان باتۇر يىگىت ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بالتىدا خانىنىڭ يېنىدا ۋاقتىدا ھەيران قالارلىق مەردانىلىكلەرنى كۆرسىتىپ، خاندىن جۇلدۇ① ئالغانىدى ۋە خانىنىڭ بارلىق باھادىر ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا قول قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا مەغرۇرلىنىپ، لەشكەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگىمۇ ساقلىماستىن يېنىدا بىللە كەلگەن ئۈچ ئادىمى بىلەنلا توختىماستىن ۋە تەپ تارتماستىن ئۇچمىڭ ھىندى لەشكىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غول قىسمىغا ئۆزىنى ئۇرۇپتۇ. ھىندىلار ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تۇرغان مەزگىلدە، تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزا تۆت كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپتۇدە، ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھۇجۇم قىلىپ، مىرزىنى بۇ ھالاكەتلىك خەتەردىن قۇتقۇزۇپتۇ. ئەبدۇللاھ مىرزا يەنە كەينىگە يېنىپ ھىندىلارغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. ھىندىلار ئۇنى يەنە ئارىغا ئېلىپتۇ. بۇ چاغدا مۆتىۋەر باھادىرلاردىن بەش كىشى يېتىپ كېلىپ، بۇ ئىككى قېرىنداشنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇلارمۇ ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئۇنىڭغىچە قېرىنداشىم ئەبدۇللاھ مىرزىنى پارچە - پارچە قىلىپ بولغانىكەن، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەربىر ئەزاسىدىكى كىيىمىنىڭ بىر پارچىسى بىردىن كاپىرنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. بېيت:

*شەرابى شەھدى شەھادەت بەكامى ئۇ گەشتە،*
*ھەلال بادكى، خۇش نۇش كەردە ئەست ئانرا.*

*مەن بۇدەم ئەز جەھانۇ گىرامى بەرادەرى،*

① جۇلدۇ – مۇكاپات، ئىنئام.

*دىر سىلكى نەزمۇ نەسر گەرانمايە گەۋھەرى.*

تەرجىمىسى:

*شېھىتلىك بالى شارابى سۇنۇلدى ئاغزىغا،*
*ئۇنى ئەجەب خۇشال ئىچتى، ئاڭا ھالال بولسۇن.*

*بۇ جاھاندا مەن قالدىم، ئەزىز قېرىندىشىم كەتتى،*
*نەزمۇ نەسىردىكى قىممەتلىك گۆھىرىم كەتتى.]*

ئەبدۇللاھ مىرزىنىڭ ۋەقەسى پېقىرغا ئاڭلاندى. [ خۇددى مۇنداق دېيىلگىنىدەك، نەزم:

*باقەزا كارزار نەتۋان كەرد،*
*ئىلەھ ئەز روزگار نەتۋان كەرد.*
*كىردىگار ئان كۇنەدكى، ئۇ خاھەد،*
*ھۆكم بەركىردىگار نەتۋان كەرد.*

تەرجىمىسى:

*تەقدىرنىڭ ئىشىغا نېمە قىلۇر كار،*
*ھاياتتىن نە كېرەك قىلماق يىغا ـ زار؟*
*تەڭرىنىڭ خاھىشى شۇ بولغان ئىكەن،*
*تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە نېمە چارە بار؟]*

«بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»① دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە رازىلىق بىلدۈردۈم.

نەچچە مەھەلگىچە شۇ يايلاقتا ئارام ئالدۇق. ئات ـ ئۇلاغلار قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋ۔ ۋەتكە تولدى. قولىمىزغا چۈشكەن ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى شۇ يەردىن ئەۋەتتىم. لەش۔ كەردىن توققۇز يۈز كىشىنى ئىلغاپ، ئۇرسەڭگە قاراپ يۈزلەندىم. مارىيۇلدىن بۇ يەرگە ئىككى ئايلىق يول ئىدى. بۇيەردىن يەنە بىر ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر يەرگە بېرىپ چۈشتۇق. ئۇ يەردە ئايلانمىسى قىرىق فەرسەڭ ئەتراپىدا چىقىدىغان بىر كۆل بار ئى۔ كەن. ئۇ كۆلنىڭ بويىدا لۆكلەبۇك دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەلئە بار ئىكەن. كېچىسى شۇ يەردە قونغانىدۇق. ئەتىسى قوپۇپ قارىساق، لەشكەر ئىچىدىكى ئاتلاردىن ئازراقى نىم۔

① «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 156 ـ ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

جان بولۇپ قالغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆلۈپتۇ. جۈملىدىن پېقىرنىڭ يىـ-
گىرمە يەتتە مەخسۇس ئېتىم بار ئىدى، ئۇ ئاتلاردىن بىرىلا سالامەت تۇرۇپتۇ، ئىككىـ-
سى يېرىمجان بولۇپ قېلىپتۇ. قالغان يىگىرمە تۆت ئاتنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ. بۇ يۇ-
قىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۆتەك كېسىلىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان ۋەقە ئىدى.
ئەتىگەندىلا ئۇ يەردىن يۈرۈپ، ئىككىنچى كۈنى ھەرى① ناملىق بىر ۋىلايەتنى چاپقۇن
قىلدۇق. ئۇ يەرلىك ئادەملەر:«بۇ يەردىن بەنگالەگە يىگىرمە تۆت كۈندە بارغىلى بولىـ-
دۇ» دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. بۇ جەڭدە كۆپ ھىندىلار قولىمىزغا چۈشتى. ئەمما،
شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ قولىمىزدا ئاتلىرى يۈرۈشكە يارىمايدىغان توقسان ئاتلىق ئەسكەر
قېلىپتۇ. بۇ توقسان كىشى بىلەن پىيادە ھالدا ئۇرسەڭگە قاراپ يۈردۇق. تۆت كۈنلۈك
يەرگە بېرىپ، ئەسكەبرەق دېگەن جاينى چاپقۇن قىلىپ، يۈز مىڭچە قوي، يىگىرمە مىڭ-
چە قوتاز، يەنە شۇنچىلىك مىقداردا ئات ۋە ئەسىرلەرنى غەنىيمەت ئالدۇق. ئەسكەبرەق-
تىن ئۇرسەڭگە سەككىز كۈنلۈك يول قالغانىدى. لەشكەرنىڭ ئاتلىرى يۈرۈشتىن قال-
دى. شۇڭا، ئامالسىز ئارقىمىزغا يېنىشقا توغرا كەلدى. ئارقىمىزغا يېنىپ ئالتە كۈن
يول يۈرۈپ، قالغان لەشكەرلەرگە قوشۇلدۇق ۋە يولغا چىقتۇق. بۇ چاغ رەبىيەلئاخىر-
نىڭ 8 ـ كۈنى ئىدى، جەمادىيەلئاخىرنىڭ ئاخىرىسىدا تاملىق دېگەن يۇرتقا كەلدۇق.
تاملىقتىن مارىيۇلغا يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر. بىز ھەممە ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئې-
لىپ، بۇ يەرگە سالامەت ھالدا يېتىپ كەلدۇق. گۇگە خەلقى تاملىققا كېلىپ ئىلتىماس
قىلىپ:«گۇگە تىبەتنىڭ ئەڭ چوڭ ۋىلايىتىدۇر. ھەممىمىز جىزيە (سېلىق) تاپشۇرۇش-
نى قوبۇل قىلىمىز. ئۆزىڭىز ئۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئەھۋالىمىزغا قاراپ
مۇۋاپىق ھالدا جىزيە بەلگىلەپ بەرسىڭىز» دەپ ئەرز قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى
قوبۇل قىلىپ، شۇ ياققا يۈزلەندۇق. تاملىقتىن يۈرۈپ، ئارىدا بىر قونۇپ، گۇگەگە يې-
تىپ كەلدۇق. گۇگە خەلقى خىزمەتكارلىق قائىدىسىنى تولۇق بەجا كەلتۈردى. پېقىر
ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئۇلارغا [ تىبەت مىسقىلىدا ئۈچمىڭ مىسقال ] جىزيە
توختىتىپ بەردىم. تىبەتنىڭ بىر مىسقىلى بىزنىڭ شەرئىەت ئۆلچىمىدە بىر يېرىم
مىسقال بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گۇگەدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا لەشكەرلەرنىڭ
ۋەيران بولغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. بۇ ۋەقە پات پۇرسەتتە زىكىر قىلىنغۇسى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، كاندىدات ئالىي
مۇھەررىر)

---

① بۇ يەر نامى پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «ھىم» دېيىلگەن، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «نىم» دېيىلگەن.

# مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يەنە بىر يۇلتۇز — ئىسمائىل ھەققى ئۇستىدە ئىزدىنىش

ئۆمەر ئوسمان شىپائى



XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان يېڭىچە مائارىپقا يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتى مۇساپىسىدە ئاكا - ئۇكا مۇسابايۇفلار، ئابدۇقادىر داموللام، تەجەللى، مەمتىلى تەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ شانلىق ئوبرازى مەرىپەت ئاسمىنىمىزدا نۇرلۇق چولپاندەك چاقناپ، جاھالەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئىسمائىل ھەققى ئاشۇ دەۋردە چاقنىغان مەرىپەت يۇلتۇزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرغىچە تازا نەزەرگە ئېلىنماي كېلىۋاتقان نامايەندىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ، نەسەب جەھەتتىن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ قىزى سەلىمە خېنىمنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، سەلىمە خېنىمنىڭ ئېرى مۇساتېكە دېگەن كىشىمۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ تاغىسىنىڭ نەۋرىسىدۇر.

ئىسمائىل ئاتۇش ئېكساقتا ئېچىلغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى»دە ئوقۇيدۇ. ئۇ دەرسلەردە ئەلا بولۇپلا قالماي، خېلى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك مەشقىي شېئىرلارنىمۇ يازىدۇ. مەسىلەن، شۇ چاغدىكى شېئىرلىرىدىن بىرىدە مۇنداق يازغان:

ئۇيالماستىن يالقاۋلار①،
باكارلىسا تەڭلىنى؛
يېڭىلىسۇن قانداقمۇ،
جەندە - كۆلا - ئەڭلىنى؟!

ئېڭىل② دېگەن چاغلىقتۇر،
پەرز ئەينى③ - دىلىڭدۇر.
تۆت كۆز بىلەن يېڭىلىق
كۈتۈپ تۇرغان ئېلىڭدۇر.

---

① يالقاۋ — ھۇرۇن.
② ئېڭىل — كىيىم - كېچەك.
③ پەرز ئەينى — ئەڭ مۇھىمى، قىلمىسا گۇناھكار بولىدىغان ئىشنىڭ دەل ئۆزى دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ئىسمائىل مەكتەپ ھاياتىدا سۆز - ھەرىكەت ۋە شېئىرلىرىدا كۆپرەك ھەق - ئادالەتنى ياقىلىغانلىقى ئۈچۈن «ھەققى» تەخەللۇس سىگىپ قالغان. ئىسمائىل ھەققى «ھۈسەينىيە مەكتىپى»نى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە زەمىن يېزا موسۇما كەنتىدىكى دادىسىدىن مىراس قالغان 200 مو (چارەكلىك)دەك مېۋىلىك باغ، ھويلا - ئىمارەت ۋە يەر - زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدۇ. يەر - زېمىن ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ھۆسىين تاش بىلەن رېھىم ئاخۇن دېگەن ئىككى خوجىدارغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قەشقەر شەھىرى، توققۇزاق[①]، ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، ئاقتۇ قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ چار بازارچىلىق[②] تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، تەتقىق قىلىپ، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ كىشىلەرنى ھالىدىن كەتكۈزىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن - مىللەتنى بۇ خىل پاجىئەلىك ئاقىۋەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ يولى — ئاقارتىش، يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئاۋامنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرۇش دەپ تونۇپ، ئابدۇقادىر داموللام تەشەببۇس قىلغان مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا قولىدىكى خېلى كۆپ مەبلەغقە تايىنىپ توققۇزاق تەۋەسىدە يېڭى مەكتەپ ئېچىش قارارىغا كېلىدۇ.

ئىسمائىل ھەققىنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردىكى روھى ھالىتىنى تۆۋەندىكى بىر پارچە غەزىلىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: (شېئىردىكى بەزى سۆزلۈكلەر ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىندى)

نەقەۋمكى مەرىپەتسىزدۇر، ئۇنىڭ ھالى خاراپتۇرلەر،
ۋەبالى دەۋزىخى يەڭلىغ تۇمەن تۈرلى ئازاپتۇرلەر.
ئىشتىسەم زاھىدۇ ئىشان مۇخالىپ شەرئىگە مۇتلەق:
«بىتەھقىق جەننەتىدۇر تەركى دۇنيا» دەپ قاۋاپتۇرلەر.
نادانلىق قەۋلىدە تۇتماق غەرەزدە ئەلنى مەلئۇنلار،
خۇراپاتلىق كىشەنىدە ۋۇجۇدىنى ماتاپتۇرلەر.
يورۇتماس قەلبىنى كىمسە ئىلىم - ھېكمەت نۇرى بىرلە،
يۈرەك باغرى كۆيۈپ ئاتەشتە ئۆرتەنگەن كاۋاپتۇرلەر.
كى غاپىللارنى ئويغاتماق ئىلىم ئەھلىگە بىل ھەققى،
ئۇلۇغ پەزلى شاراپەتتۇر، ئىككى ئالەم ساۋاپتۇرلەر.

1931 - يىل 7 - ئاي

---

① توققۇزاق — ھازىرقى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوغۇساق، زەمىن، سايباغ يېزىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.
② چار بازارچىلىق — ئۇ چاغدا جۈمە كۈندىن باشقا كۈندە بازار بولۇپ، بازارلارنى ئايلىنىپ تىجارەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسمائىل ھەققى 1932 - يىلىدىن باشلاپ تىجارەتتىن قول ئۈزۈپ، «ھۆسەينىيە
مەكتىپى»دىكى ساۋاقداشلىرى ۋە يۇرتداشلىرى ئابدۇللا رازى، يۈسۈپ زىيائى قاتارلىق
كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ تۇقسۇزاقنىڭ
«ھېيتگاھ» دېگەن يېرىگە مەكتەپ سېلىشقا كىرىشىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە ئوقۇش باشلاذ-
غان بۇ مەكتەپنىڭ زامانىۋى ئۇسلۇبتا قەد كۆتۈرگەن يورۇق، ئازادە سىنىپلىرى،
ئىشخانا، چايخانا، ئامبار، ھاجەتخانا قاتارلىق ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن ئىسمائىل ھەققى
ئۆز يېنىدىن مەبلەغ سالغانىدى. جاپالىق تەشۋىقى تەربىيە ئارقىلىق دەسلەپكى قە-
دەمدە 79 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئۈچ سىنىپقا تەشكىللەيدۇ. چۈنكى خۇراپىي
موللا - ئىشانلار «يېڭى مەكتەپ بالىلىرىمىزنى دىنىدىن چىقىرىدۇ. بالىلارنى پەننى
مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش كۇپۇرلۇقتۇر» دېگەندەك پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئاتا -
ئانىلارغىمۇ تەھدىت سالغانىدى. ئىسمائىل ھەققى يۇرتتىكى جامائەت ئارىسىدىكى يۇ-
قىرى نوپۇزىغا تايىنىپ، ئىككىلەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەش، ھەرقايسى ئازنا مەسچىتلە-
رىگە بېرىپ تەبلىغ - تەرغىبات قىلىش، شەخسى ئائىلە سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش يول-
لىرى بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا رەسمىي ئوقۇش
باشلايدۇ. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئىسمائىل ھەققى، باش مۇئەللىملىكىنى ئابدۇللا رازى،
ياردەمچى مۇئەللىملىكنى يۈسۈپ زىيائى بىلەن ئابدۇرېھىم رازى① لار ئۈستىگە ئال-
دۇ. ئانا تىلى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەخلاق، ھۆسنخەت، ھېرىي سەھەت (تا-
زىلىق - تەنتەربىيە) پەنلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. ئومۇمەن «ھۆسەينىيە مەكتىپى» ئەن-
دىزىسى قوللىنىلىپ، رەتلىك، چەبدەس، جۇشقۇن باشقۇرۇلىدۇ. «ئىزچىلار ئەترىتى»
تەشكىللىنىدۇ، «ئىزچىلار» كىيىمى تىكتۈرۈلۈپ، بىر يۈرۈش قوراللاندۇرۇلىدۇ. ئۆيى
يىراقراق ئوقۇغۇچىلار، ئائىلە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى تاماق، ياتاق بىلەن تە-
مىنلەيدۇ. ئىسمائىل ھەققى دەرسلىكلەرنى (ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى) «ھۆسەينىيە
مەكتىپى» بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ داڭقى ئەتراپتىكى يېزا -
كەنتلەردىن ھالقىپ، ناھىيە ۋە دوتەي يامۇلىغىچە يېتىپ بارىدۇ. «قەشقەر ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشمىسى» بۇ مەكتەپنى تىزىمغا ئېلىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىدۇ. بىر يىللىقىنى خا-
تىرىلەش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللايدۇ. «توققۇزاق شۆبە ئۇ-
يۇشما»نى قۇرۇپ، ئىسمائىل ھەققىنى ئۇيۇشما مۇدىرى، قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى
قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يىغىۋېلىنغان ئۆشرە - زاكات، ۋەخپە
كىرىملىرىنىڭ بىر قىسمىنى مەكتەپ خىراجىتى قىلىپ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بېرى-
دۇ. مۇكەممەل تالونلۇق ھېساب يۈرگۈزۈش تۈزۈمى ئورنىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ يې-

① ئابدۇرېھىم رازى — پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم مائارىپچى، ئاساسلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگۈچى.

نى شەيئى — «ھېيتگاھ باشلانغۇچ مەكتىپى» قانۇنلىشىپ ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ھەقتە ھەر خىل پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، كاشىلا تۇغدۇرىۋاتقان يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرمۇ قۇيرۇقىنى قىسىشقا مەجبۇر بولدى. 1933 - يىلى بۇ مەكتەپ 5 سىنىپلىق بولۇپ كېڭەيتىلىپ ئوقۇغۇچىسى 170تىن، ئوقۇتقۇچىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 10 نەچچىدىن ئاشىدۇ. يازلىق تەتىل مەزگىلىدە «ئىزچىلار ئەترىتى» ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن تەشۋىقاتقا ئاتلىنىپ ئوپال، تاشمىلىق، بولاقسۇ يېزىلىرىدا ئالاھىدە پائالىيەت كۆرسىتىپ ئاممىنى تەسىرلەندۈردى. ئىسمائىل ھەققى ياخشى ۋەزىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى بىلەن توقۇزاققا تەۋە بولغان 40 كەنتنىڭ ھەممىسىدە بىردىن 40 ئورۇنغا شۆبە مەكتەپ قۇرۇپ چىقىدۇ. «ھېيتگاھ مەكتىپى»نىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەلالىرىنى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى بارلىرىنى تاللاپ ھەرقايسى شۆبە مەكتەپلەرگە مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئارقىسىدىنلا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان سىدىق مۇسايۇپ بىلەن بىرلىشىپ ئوپالدا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇردى. سىدىق مۇسايۇپ ئوپال يېزىسىدىكى مەكتەپلەر خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ خىزمەتلىرىدىن توقۇزاق شۆبە ئۇيۇشمىسىغا دوكلات يوللاپ، يوليورۇق ئېلىپ تۇردى. ئاندىن تاشمىلىق، بولاقسۇ يېزىلىرىدىمۇ مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا ئىسمائىل ھەققى تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەھبەرلىك قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى، 1932 - يىلدىن 1937 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە 5 يىل ئىچىدە ھازىرقى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم يېزا - كەنتلىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.

ئىسمائىل ھەققى ئەينى چاغدىكى شارائىت چەكلىمىسى بىلەن بىرەر كىتاب چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىيلارنى، ئوقۇغۇچىلار مارشى ۋە تەشۋىق ۋارىقى تىزىسلىرىنى يازغانىدى. ئۇ يازغان ئوقۇغۇچىلار مارشىنىڭ بىرسىدە مۇنداق مىسرالار بار:

بىز قەيسەر ئىزچىلار ئەلنىڭ پەرزەنتى،
ۋەتەننى گۈللەتمەك قەسەم - ئەھدىمىز.
تاپىمىز ھېكمەتتىن جاسارەت، ھىممەت،
ياشنايدۇ چېچەكلەپ بۈگۈن - ئەتىمىز.
.........

1932 - يىل 7 - ئاي

يەنە بىر ناخشا ئىچىدە مۇنداق مىسرالار بار:

ئويغان ئەي غەپلەتتە ياتقان غاپىللار،
نەزەر سال ئەتراپقا بالقىدى قۇياش.
قانغۇدەك ئىلىم - پەن شەربىتىنى ئىچ،
چاڭقاشتىن دەشتلەردە تۆكمەي دىسەڭ ياش.
...........

1932 - يىل 9 - ئاي

يەنە بىر ناخشىنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق:

تاشلىساڭ مەرىپەت يولىغا قەدەم،
پۇرسەت بار،
پۇرسەت بار،
پۇرسەت شۇنچە بار.
دىلىڭغا ھېكمەتنى ئەيلىسەڭ جەمئ،
نۇسرەت يار،
نۇسرەت يار،
نۇسرەت شۇنچە يار.
...........

1933 - يىل 3 - ئاي

ئىسمائىل ھەققى تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىجتىماتلىق كومپوزىتور ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ دۇتار، راۋاپ، ئاكاردىيون قاتارلىق سازلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالىدىغان ياخشى سازەندە ئىدى. ئۆزى يازغان تېكىستلەرگە، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، جۇشقۇن رېتىملىك ئاھاڭلارنى ئىشلەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئالدى بىلەن «ئىزچىلار»غا ئۆگەتكەن. يۇقىرىدا قەلەمگە ئالغان ناخشا تېكىستلىرى شۇ خىلدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىسمائىل ھەققى تەربىيىلىگەن «ئىزچىلار ئەترىتى» كونا شەھەر تەۋەسىدىن چىقىپ ئاقتۇ، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزىۋات، يېڭىشەھەر، ئاتۇش تەۋەلىرىنى ئايلىنىپ، بىر ياقتىن خۇراپاتلىقنى يوقىتىپ يېڭى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بارغان جايلىرىدا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن مەكتەپلەر بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ ماڭغانىدى.

ئىسمائىل ھەققى ئېينى شارائىتتا ئورۇنداش ئاسانغا توختىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلغان:

1. دېھقانلارنىڭ يول قاتنىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىپ قايتىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى يېزا - كەنتلەرنىڭ يوللىرىنى پىلانلاپ، كېڭەيتىپ

ئېلىپ، قاتناش ئىشلىرىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تورلاشتۇرغان.

2. ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋەقپە يەرلەرنى يۇرۇشتۇرۇش يولى بىلەن باغ - ئورمان يېرى ھەل قىلىپ بەرگەندىن سىرت مەخسۇس ئىككى مودىن يەر ھەل قىلىپ تەنتەربىيە - چېنىقىش مەيدانلىرىنى تەييارلاپ بەرگەن.

3. ھەربىر مەكتەپكە بىردىن كۆل كولىتىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچىملىك ۋە ئادەتتىكى تازىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەن.

4. مەكتەپلەرنىڭ سۈيى ئۆكسۈپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسى كەنت - مەھەللىلەرنىڭ سۇ تۇتۇش نۆۋىتى قاتارىدا مەكتەپلەرگىمۇ بىر ئۇلۇش سۇ نۆۋىتى ھەل قىلىپ بېرىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئەتراپىنى كۆكەرتىش، مۇھىتنى ياخشىلاش شارائىتىنى يارىتىپ بەرگەن.

5. قايسى مەكتەپكە بارسا شۇ ئەتراپتىكى مەسجىدنىڭ ئىمام - مەزىنلىرى بىلەن نوپۇزلۇق زاتلارنى يىغىپ مەكتەپلەرنى قوللاش، ئوقۇغۇچى تالاشماسلىق، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ كاشىلا تۇغدۇرماسلىق توغرىسىدا تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلەپ، كېيىنكى تەكشۈرۈشتە مۇخالىپ ئىشلار سېزىلسە يۈز - خاتىرىسىز جازالايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ماڭغان.

6. ئىسمائىل ھەققى ئورتاقچى[1] ھۆددىگەر دېھقانلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان بالىلىرىنىڭ ھەر خىل چىقىملىرىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ياللىنىپ ئىشلەيدىغانلارغىمۇ ئىشىغا قاراپ ئايلىق ئىش ھەققى توختىتىپ، ئاي توشقان ھامان ئىش ھەققىنى تارقىتىپ بەرگەن. كېلەر ئايدا ئىشلەش - ئىشلىمەسلىك ئىشلەمچىنىڭ ئىختىيارىدا بولغان. ناۋادا داۋاملىق ئىشلىگۈچىلەر بولسا ئۇلارنىڭمۇ بالىلىرىنىڭ ئوقۇش چىقىملىرىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۆز زىممىسىگە ئالغان. ئىسمائىل ھەققىنىڭ بۇ خىل ياخشى خىسلەتلىرىنى پېشقەدەم دېھقانلار ھازىرغىچە ياد ئېتىشىدۇ.

زۇلمەت باسقان ئۆتمۈشتە ئىسمائىل ھەققىدەك ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئوغلانلارغا ۋاقىت قىسقا، جاھان تار ئىدى. جاھالەت ئاسمىنىدا ئەگىپ يۈرگەن ئەجەل قۇزغۇنلىرى ئىز قوغلاپ، تىنتىپ يۈرەتتى. 1937 - يىلى 10 ‑ ئايدا ئىسمائىل ھەققىنى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەسكەر باشلاپ تۇتۇپ ئەكېرىپ كەتكەنچە ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، يېڭىشەھەر تۈرمىسىغا يۆتكەپ قىيناپ، مەخسۇس

---

[1] ① ئورتاقچى دېھقان — ئىسمائىل ھەققى 200 مودىن ئارتۇق يەرگە ئىگە بولۇپ ئەمگەك كۈچى كۆپ، يېرى ئاز دېھقانلارغا بەلگىلىك ئاشلىق تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ھۆددىگە بېرەتتى. بۇ خىل دېھقانلار «ئورتاقچى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قىزىلغان ئازگالغا تىرىك كۆمۈۋەتكەن. قىزىلغان بۇ ئازگال توغرىسىدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزا يۇقارقى قىچىچى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇرېھىم ئاخۇن (ئىسمائىل ھەققىنىڭ نەۋرە ئىنىسى) مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: «1937 - يىلى كۈز ئايلىرىدا قىچىچىدىن 30 نەپەر دېھقاننى مەن بىلەن بىللە ھاشاغا ھەيدىدى. بىزنى بىر ئايغىچە ئۆيگە بارغۇزماي كۈندۈزى سېپىل ئىچىدىكى گۇندىخانىنىڭ ھويلىسىغا ھەر كۈنى بىردىن، ئۇزۇنلۇقى بەش غۇلاچ، كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان ئورا قازدۇردى. ئاخشىمى بىزنى بىر قورغانچىغا سولاپ قويدى. ئەتىسى چىقساق، بۇ ئازگال ئاللىقاچان تۈزلىۋېتىلەتتى. ئەمما قىيا - چىيا، ۋايجان... دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلايتتۇق. ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىلىساق بىر توپ كىشىلەرنى ھەيدەپ چىقىپ ئازگالنىڭ لېۋىگە ئەكېلىپ مەخسۇس جاللاتلار ئۈچ قىرلىق خەنجەر بىلەن قولاق ئاستىغا ئۇرۇپلا بويىنىنى تولغاپ ئازگالغا ئىتتىرىۋېتىدىكەن. بىر كۈنى مەن ئازگال بېشىغا ئېلىپ كېلىنگەن مەھبۇسلاردىن ئۆز تۇغقانلىرىمنى تونۇۋالدىم، ئۇلار ئىچىدە ئىسمائىل ھەققى، مۇسا بېگىم دېگەن ئىككى تاغام، تالىپ قازى، خوجائىمىر قازى (بالا قازى)، ئابدۇراھمان بايھاجىم، ئابلىراخۇن خەلپىتىم، ئابدۇرېھىم مۇدەررىس ئاخۇنۇم دېگەن نەۋرە تۇغقانلىرىم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، رەڭگىلىرى تاتىرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، يېقىن تۇغقانلىرىم بولغاچقىلا تونۇيالىدىم، باشقىلارنى ئىلغا قىلالمىدىم. بۇ پاجىئەدىن ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ تاشلىدىم، ئەتراپىمدىكىلەر ماڭا كۆپ تەسەللى بەردى. ئەگەر يىغامنى توختاتمىسام، بىلىپ قالسا بىزنىمۇ بىللە كۆمۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ھاشارداشلىرىم ئەسكەرتىپ مېنى پەسلەتتى. شۇندىن بۇيان ھوش - كاللام تازا جايىدا ئەمەس»①.

شۇنداق قىلىپ ئىسمائىل ھەققىمۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ قانلىق قىلىچىدا قەتلى قىلىنغان مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان شانلىق قۇربانلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ قەيسەر جەڭچى، يۈكسەك ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن يانغان ئۆچمەس يالقۇن ئىدى.

كونا شەھەر ناھىيىسىدىن پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، ئىسمائىل ھەققىنىڭ سادىق شاگىرتى ئابدۇرېھىم رازى ئەپەندىمىنىڭ 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئېيتىپ بەرگەن بىر ئەسلىمىسىدىكى ئىسمائىل ھەققىنىڭ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرى (ئېسىدە قالغىنى شۇ ئىكەن) كىشىنى ئويغا سالىدۇ:

قۇتۇلۇشنىڭ يولىدا ئاقسۇن سۇدەك قانىمىز،
ۋەتەن ئۈچۈن پىدادۇر بولسۇن قانچە جانىمىز.
قانلار ئاقسۇن، چىقسۇن جان، قىلىپ ئىبلىسنى گۇمران،
گۈللەندۇرسەك ئەل - يۇرتنى يوقتۇر ھېچ ئارمانىمىز.
1937 - يىل 5 - ئاي

① «ئىلىم ۋە ئالىم» ناملىق كىتابتىمۇ مۇشۇ خىل مەلۇمات بار. (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى).

ئىسمائىل ھەققى ئالەمدىن ئۆتكەندە 35 ياشلىق قىران يىگىت بولۇپ، پاك جەسىتى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قەلبىگە دەپىن قىلىنغانىدى !

مەرىپەتسۆيەر، تەرەققىيپەرۋەر زات، پىداكار مائارىپچى، مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئىسمائىل ھەققى ئەنە شۇنداق قەتئىي ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىدى. ئۇ ئىلىم - ھېكمەت تارقىتىش، ئاقارتىش يولىدا ھېچنېمىسىنى ئايىمىغان ساخاۋەتچى ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇلىرى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىلىم - پەن كۆكىدە جەۋلان قىلىپ، ۋەتەن - مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈردى. ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلىپلا قالماي، چوڭ دادىسى ئىسمائىل ھەققىنىڭمۇ روھىنى خۇرسەن قىلدى، ئۈمىدىنى ئاقلىدى!

ئىسمائىل ھەققى ئىستىداتلىق ئەدىب، پاساھەتلىك ناتىق، ئىجتىھادلىق مائارىپشۇناس بولۇپ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللاردىكى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە، مەدەنىي ئاقارتىش ساھەسىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن مەشھۇر جامائەت ئەربابى. ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا تارقالغان يازما ئەسەرلىرى، نۇتۇق تېكىستلىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى ئاز ئەمەس. بۇ بىزنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىشىمىز، ماتېرىيال توپلاپ رەتلەش - تەتقىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك تارىخىي تېما ۋە شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھازىر ھايات ياشاۋاتقان پېشقەدەم شاھىدلىرىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئەمەلىي كەچمىشلەرنى ئەسلەپ كۆرۈشىنى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن - شەخسلەرنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشنى، بۇ ھەقتە يازما ئەسەرلىرىنى ساقلاۋاتقان مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋاقتىنى غەنىيمەت بىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ۋە مۇۋاپىق باھادا سېتىپ بېرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۆھپىسى ۋە ئورنىنى توغرا بېكىتىشكە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇشنى سەممىي تەۋسىيە قىلىمەن.

ئاساسلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى قوشۇمچە شەخسلەر:

1. ئىمىر ھۇسىيىن قازىھاجىم. مەشھۇر تارىخچى، ئەدىب، ئىسمائىل ھەققىنىڭ جىيەنى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا دادىسى قۇتلۇق شەۋقى بىلەن تاغىسى ئىسمائىل ھەققى ۋە ئۇلۇغ بوۋىسى ئابدۇرېھىم نىزارى ھەققىدە نۇرغۇن تارىخىي مەلۇماتلارنى بەرگەن. (ئىسمائىل ھەققى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ 6 - ئىنىسى ئىدى).

2. ئابدۇرېھىم ھاجى — شەۋقىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئىسمائىل ھەققى

تۇتقۇن قىلىنغاندا 22 ياشلاردا ئىدى، شۇنداقلا تاغىلىرى ئىچىدە ھەققى بىلەن ئاغىنىلەردەك يېقىن ئۆتكەن. بۇ كىشى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

3. ياسىن پالتۇ ــ ئەينى چاغدا ئىسمائىل بەگ قۇرغان توققۇزاق «ھېيتگاھ باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى، ھەم ئاسراندى ئوغۇل بولغان. قوشۇمچە ئائىلە ئىگىدارچىلىقىغا غوجىدار بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن 1992 - يىلى 77 يېشىدا ۋاپات بولغان.

4. قاسىم پالتۇ ــ ياسىن پالتۇنىڭ ئاكىسى. توققۇزاق (ئوغوسايزا) دۆڭمەھەللە كەنتىدىن. 1987 - يىلى 80 ياشلاردا ۋاپات بولغان. ئىسمائىل بەگنىڭ ئائىلە خىزمەتچىسى بولغان.

5. ئابدۇرېھىم رازى ــ پېشقەدەم مائارىپچى. ئىسمائىل ھەققى بىلەن خىزمەتداش ۋە مەسلەكداش. پېنسىيىگە چىققان.

6. ئىسمائىل ئىبراھىم ــ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى. ئەينى چاغدىكى توققۇزاق «ھېيتگاھ مەكتىپى»نىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى.

7. ئابدۇرېھىم ئاخۇن ــ قەشقەر يېڭىشەھەر قىچىچى 16 - كەنتتىن بولۇپ ئىسمائىل ھەققىنىڭ تۇغقانلىرىدىن. 1937 - يىلى ھاشار (سەيسە)گە تۇتۇلۇپ شىڭ شىسەي يېڭىشەھەردە قەتل قىلغانلارنى كۆمىدىغان ئورا (ئازگال)نى كولاشقا قاتناشقان شاھىدلارنىڭ بىرى.

8. مۇھەممەت ھۈسەيىن ــ ئوغۇساق يېزا مۇسۇما كەنتى دۆڭمەھەللىدىن بولۇپ، 1992 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئىسمائىل بەگنىڭ ئەسلىدىكى ئۆي - قوروسىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە سېلىپ قويۇلغان قورۇقنى مۇھاپىزەت قىلىپ بەرگەن. بۇ قورۇقنى ئىسمائىل بەگ (ئەينى چاغدا شۇنداق ئاتالغان) ھەققىنىڭ قىزى بۇمەرىيەم خېنىم بىنا قىلغانىدى. ئۇرنى ھازىرمۇ ساقلانماقتا.

9. توختى رېھىم ــ ئىسمائىل بەگنىڭ كېيىنكى خوجىدارى رېھىم چوڭنىڭ ئوغلى. ئوغۇساق يېزا مۇسۇما كەنتى دۆڭمەھەللىدىن. 1986 - يىلى 73 ياشلاردا ۋاپات بولغان.

(ئۆمەر ئوسمان شىپائى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# ئۇيغۇرلاردا ئوقياچىلىق مەدەنىيىتى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

## 7. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقياچىلىققا دائىر تارىخىي خاتىرىلەر ①

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقياچىلىققا دائىر تارىخىي خاتىرىلەر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يازغان ھەر خىل تارىخنامىلەردىن باشقا، ئوتتۇرا دىيار ئەدىبلىرىنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرى ۋە غەرب مۇئەللىپلىرىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپلەپ قەيت قىلىنغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قورالى سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىنگەن ئوقيا، ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئەينى ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئوقيا ھەققىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتلار جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇچرايدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە:«ھۇنلارنىڭ بالىلىرى قوي مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ، قۇشقاچ، چاشقان ئوۋلايتتى... ئۇلار يىراققا ئوقيا، يېقىنغا قىلىچ ـ نەيزە ئىشلىتەتتى» ㊴ دېگەن مەلۇماتلار بار. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوقيانى ئىسلاھ قىلىپ ئاۋازلىق ئوقيا ياسىغانلىقى ㊵ ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە»دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ ۋەھشى ھايۋان قىئاتنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن «... نەيزە ئېلىپ، ئوقيا ئېلىپ، قىلىچ ئېلىپ، قالقان ئېلىپ...» ㊶ يولغا چىققانلىقى يېزىلىدۇ ھەمدە ئوغۇز خاقان پۈتۈن بەگلىكلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ:

«مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان» ㊷ دېگەن سۆزلىرى شۇ دەۋرلەردە ئوقيانىڭ ئىنتايىن مۇھىم جەڭ قورالى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كېيىنچە ئوقيا ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. يۇقىرىدىكى ماۋزۇلاردا مەخسۇس توختالغاندەك، دىيارىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن بايقالغان قىيا تاش سىزمىلىرىدا، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردا ۋە تارىخىي يازما مەلۇماتلاردا بۇ

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

نۇقتىلار ئىسپاتلانماقتا.

ئوقيا ماھارىتى تۈركىي خەلقلەردە ئاجايىپ كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ ھەقتە مەھ-مۇد كاشغەرى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:«زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئاتىدىكەن»43.

باسكاكوۋ قاتارلىق بىر قىسىم چەت ئەل ئالىملىرى «تۈركىي خەلق» دەپ قاراۋات-قان «ئاۋارلار»نىڭ ئاقساقىلى تولۇق «دېۋاي» دەپ نام ئالغان، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «چېپ-چىپ كېتىۋاتقان تولپارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرەلەيدىغان مەرگەن» دېگەنلىك بولىدىكەن 44.

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر مىيىتنى يەرلىككە قويغاندا ئوقيا بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان ئەھۋاللار مۇھىم ئېتنىك ئادەت سۈپىتىدە ئۇزاق ساقلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قاڭقىللار ۋاپات بولغۇچىنى يەرلىككە قويغاندا، مى-يىتنىڭ قولىغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ، كۆكتىكى مەلۇم بىر نىشاننى قارىغا ئېلىۋاتقان ھا-لەتتە ئولتۇرغۇزۇپ دەپنە قىلىنغان 45. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. 103 ـ جىلد. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنغان بۇ تارىخىي مەلۇمات يۇقىرىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان بايانىمىزنى، يەنى دىيارىمىزدىكى يۇزلەرچە قەدىمكى قەبرە يادىكارلىقلىرىدىن تېپىلغان ئوقيالارنىڭ دەل شۇ مەقسەتتە دەپنە بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆلگۈچى بىلەن بىللە يەرلىككە قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ساكلارنىڭ قازاقىستان ئې-سىك قەبرىسىدىن چىققان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئارىسىدىمۇ ئوقيا باشى-قى، ئوقيا دەستىسى، ئىككى ئۇچى تومراق كەلگەن، قىزىل رەڭدە بويالغان ئىككى تال يا چىققان46.

بۇ مەلۇماتلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ يىراق دەۋرلەردىن تارتىپ ئوقياغا بولغان ھۆرمەت، ئىشەنچلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئۇچۇرىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا شۇ دەۋر-لەردىكى «ئوقيا ئادەمگە ھاياتلىقىدىلا ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھەمراھ بولالايدۇ. بالا ـ قازادىن ساقلىيالايدۇ» دېگەن ساددا قاراشلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىلىق تاشتىن ياسالغان ئوقيا ئۇچى بىزگە تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيا ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى تۈركلەردە يا ۋە ئوق ھاكىمىيەت سىمۋولى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە يېزىلىشىچە، «غەربىي تۈرك-لەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئون بۆلەككە بۆلۈپ باشقۇرغان. ھەربىر بۆلەكنىڭ ئاقساق-لىغا بىردىن يا ئوقنى ھاكىمىيەت سىمۋولى سۈپىتىدە بەرگەن». شۇنىڭ بىلەن بىللە غەربىي تۈركلەر «ئون ئوق» دەپ ئاتالغان 47.

بۇ ھەقتىكى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئوغۇزخان داستانىدىكى «يۇز ئوقلار، ئۈچ ئوقلار» دېگەن ناملارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

گېرمانىيىلىك تۈركشۇناس ج.نىمىت «ئوغۇز» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنى «ئوق + ئۈز»دىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ (48). ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان قىنىخ قەبىلىسىنىڭ تامغىسىمۇ ئوق شەكلىدە ئىدى (49).

ئوق ۋە يا شامانىزم دەۋرىدىن تارتىپ سالجۇق تۈركلىرى، موڭغۇل قەبىلىلىرى، قاراخانىيلارغىچە، ئاناتولى بەگلىرىدىن تارتىپ ئوسمان تۈركلىرىگىچە ئوت ئالغۇچى قوراللار مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر ئۇنۇملۇك جەڭ قورالى بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار.

بۇ ھەقتە «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە مۇنداق مەلۇماتلار بار:

شامانلارنىڭ مۇرىسىدىمۇ توققۇز ئوق شەكلىلىك مۇقەددەسلىككە سىمۋول قىلىنغان تۈرلۈك بەلگىلەر بار ئىدى (50).

سالجۇق ھاكىمىيىتىدە ئوق ۋە يانى ئادالەتكە تەمسىل قىلىنغان ھەم ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىشارىتىگە سىمۋول قىلىنغان. سۇلتان توغرۇلبەگ (سالجۇق تۈركلىرىنىڭ سۇلتانى) 1050 ـ يىلى ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىستانبولدا تۈزگەن كېلىشىمدە ئابدۇلمەلىك تەرىپىدىن سېلىنغان جامەئەنىڭ مېھرابىغا ئۆز ھاكىمىيىتىگە سىمۋول قىلىنغان ئوق ۋە يانىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈشنى شەرت قىلغان(51).

موڭغۇللاردىمۇ تۈركلەرگە ئوخشاشلا ئوقلۇق قوۋملار بار ئىدى (52).

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ئوق» مىراس تەقسىماتىدا «ئۈلۈش» مەنىسىدە ھېلىھەم جانلىق ئىشلىتىلمەكتە.

پىكىرلىرىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئورقۇن ـ يېنىسەي يادىكارلىقلىرىنىڭ يېزىق سىستېمىسىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساق، i ، 1 (ئى، ئي) ( ⌃ ، ↿ ). $I_1$(ل) ( ⇃ ، ↾ ، Y ، ⇃ ) (ل) 2(Y)، 2(ر) (γ)، q (ق) ( ↑ ↓ ) (چ) (⅄) p (پ) (⌃) ھەرپلىرى ئوق شەكلىدە u/o (ئۇ / ئو) (<.>) ھەرپلىرى يا شەكلىدە ياسالغانلىقىنى كۆرىمىز (53).

بۇ بەلگىلەر ئىچىدە دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى q (ق) ( ↑ ↓ ) بەلگىسىدۇر. قەدىمكى ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىق سىستېمىسى ئىچىدە ↑ (D) بەلگىلىرى مەنە ئىپادىلەيدۇ (54). بۇ ھەقتە گېڭ شىمىن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «D بەلگىسى y ، ya نى ئىپادىلەيدۇ. qo ↓ ، qu، uq، oq ، q ئوق، b ، a (ئۆي)، (كىگىز ئۆي) مەنىسىنى بېرىدۇ. شۇڭا يۇقىرىدىكى ئۈچ ھەرپ يېرىم ئاي، ئوق، كىگىز ئۆينىڭ شەكلى بويىچە ياسالغان» (55).

دېمەك، ئورقۇن دەۋرىدە تۈركلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا كەڭ ھەم مۇھىم رول ئوينىغان يا ـ ئوقلىرى ئۇلارنىڭ يېزىق سىستېمىسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. يۇقىرىدا

تىلغا ئېلىنغان باشقا بەلگىلەرمۇ ئوق ۋە يانىڭ بەلگىلىرى ئاساسىدا ئاز - تولا ئۆزگەرتىپلا ياسالغان.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئوقنىڭ ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكى يەنىلا تەكىتلەنگەن. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازغان:

«قىلىچ، پالتا، ئوقيا بىلەن كۈچ يۈرەك
بار ئولسا، باتۇر مالدىن قورقماس كېرەك» [56] .

مەھمۇد قەشقىرىمۇ ئۆز ئەسىرىدە «... تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن...» [57] دېگەن جۈملىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ مەزمۇنلار بىزگە ھاكىمىيەت ئاساسى ئۈچۈن ئوقيانىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى مۇھىم رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى تارىخىي ئۇچۇرلار ۋە ھەقىقەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئوق ۋە يانى ئۆز تۇرمۇشىدا باشتىن - ئاخىر مۇھىم بىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلغان. كۆپ قېتىم ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتكەن. مەخسۇس ئوقيا ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر بولغان. مەھمۇد قەشقىرى ئۆز ئەسىرىدە بۇ ھەقتە نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان [58] .

يىراق قەدىمكى زاماننىڭ مەھسۇلى بولغان ئوقيا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ، تا يېقىنقى زامانلارغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

## 8. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوقياچىلىقىغا دائىر مەلۇماتلار

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە «دىڭلىڭ» (丁零) دەپ پۈتۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئورقۇن - سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىدىن تارتىپ، بايقال كۆلى، بالقاش كۆلى، يېنسەي دەرياسى ھەم جەنۇبىي سىبىرىيە دالالىرىغا كەڭ تارقىلىپ ياشاپ، مىس قوراللار دەۋرىگە خاس بۈيۈك قاراسوق مەدەنىيىتىنى ياراتقان. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىلىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈشلىرىدە دىڭلىڭلار، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىدىكى جايلاردا ياشىغانلىقىنى، ئۇلار جۇڭگونىڭ يىن - شاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XIV ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلىغىچە)نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدىن كېلگىنىپ جەنۇبىي سىبىرىنىڭ مىس قوراللار دەۋرىدىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان «قاراسوق» تىپىدىكى مەدەنىيەتنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى [59]. ئەنە شۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مىس قوراللارنىڭ يارات-

قوچىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئوقياچىلىقىنىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە مىس، تۆمۈر ۋە ياغاچنى بىرلەشتۇرۇپ ياسىغان ئوقيالىرى نىشانغا دەل تېگىشى، ئۇزۇنغا ماڭىدىغانلىقى، پۇختا، مەزمۇت، قولايلىق ھەم كۆركەملىكى بىلەن ئوقياچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان.

سابىق سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، ھازىرقى موڭغۇلىيە زېمىنىدىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قەبرىلىرى، شەھەرلىرى ھەم ئوردا ـ قەسىرلىرىدىنمۇ نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تاپقان.

«مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قورال ـ ياراقلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى» ناملىق كىتابنى يازغان يۇ.س.خۇدياكوۋ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ ئىككىنچى بابى بولغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر» دېگەن قىسىمدا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوقياچىلىقىغا دائىر نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تەكشۈرگەنلىكى، تارىخىي ماتېرىياللار توپلىغانلىقى، لېنىنگراد، يېڭى سىبىرىيە ۋە ئۇلانباتۇردىكى مۇزېيلاردىن ھەم تەتقىقات ئاكادېمىيىلىرىدىن نۇرغۇن ماتېرىيال ئالغانلىقى، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاپ بۇ بابنى يازغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. يۇ.س.خۇدياكوۋ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوقياچىلىقى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيغۇر ئوقيالىرى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر گۇرۇپپا بولۇپ، مۇرەككەپ تەركىبلىك. ئۇلار قاپلىغۇچلارنىڭ سانى ۋە جايلاشقان ئورنى بويىچە بىر تىپقا ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىدا يان كاۋاك قاپلىغۇچلىرى بارلار. نىك خوي يادىكارلىقى (مىنۇسىن ئويمانلىقى) 3 ـ گۆرلۈكتىن تېپىلغان بىر نۇسخا يانىك ئۇزۇنلۇقى ئېنىقلانمىدى. ئوتتۇرىدىكى يان قاپلىغۇچ تار، توغرا كەسمىسى تۇخۇمسىمان شەكىلدە، ئىچكى تەرىپىدىن كېسىكچىلىرى بار، ئىككى بېشى قىيپاش كېسىلگەن. بۇ خىل يانىڭ قاناتلىرى سىممېترىك بولۇشى مۇمكىن (14 ـ رەسىمگە قاراڭ).

مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر ئوقياسىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلغان. لېكىن ئۇلار خاتا ھالدا تۇۋا زېمىنىدىكى لەخمە گۆرلۈكلەردىن تېپىلغان ئوقيانىڭ سۆڭەك قاپلىغۇچلىرىنى نېگىزلىك ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋالغان. نىك خويدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ئوقياسىنىڭ قاپلىغۇچلىرى شەكلى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە ۋاقىت چېكى يېقىن بولغان قەدىمكى تۈرك، كىماك ۋە قىرغىز نۇسخىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر ئوقياسىنىڭ مۇھىم پەرقلىق ئالاھىدىلىكى مۇستەھكەملىكى ئاشۇرۇلغان كاۋاك قاپلىغۇچنىڭ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ ئالامەتكە ئاساسەن بۇ ئوقيانى مىلادىيە 2 ـ مىڭ يىلنىڭ بېشىدىكى يان قاپلىغۇچلىرى بولمىغان ئوقيالارنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، كونچى شەكلى، دېيىشكە بولىدۇ [60].

پ.س.خۇدياكوۋ ئۇرقۇن ۋادىسىنى مەركەز قىلغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئوق باشاقلىرى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

سايان ـ ئالتاي ۋە موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن چىققان ئاز ساندىكى ئوق باشاقلىرى بىر تۈرلۈك بولۇپ، ھەممىسى تۆمۈر، بۇلار بىر تارماق بولۇپ، ھەممىسى ساپاقلىق، ئۇلار ئوق گەۋدىسىنىڭ كېسىلىشى بويىچە بىر نەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ يانلىق باشاقلار ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭ شەكلىدە، جەمئىي بەش نۇسخا بولۇپ، تۆۋەندىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ: نىك خوي، 1 ـ گۆر؛ ئۇرقۇن دەل، 11 ـ قورغان (موڭغۇلىيە). ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5cm ، كەڭلىكى 2.5cm ، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6.5cm . باشاق ئۇچ تۈز، يانلىرى كەڭ، قاناتچىلىرى تۈز، بەلدەمچىسى بار، بەزى نۇسخىلارنىڭ ئۇچى ئۈچ قىرلىق.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە. ئۇرقۇن دەل. 11 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4cm ، كەڭلىكى 2cm ، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 5cm . باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، ئۈچ قىرلىق، قاناتچىلىرى تۈز، بەلدەمچىسى بار (15 ـ رەسىمگە قاراڭ).

2 ـ گۇرۇپپا. ئۈچ قىرلىق باشاقلار بىر تىپ. غەيرىي سىممېتىرىك رومبا شەكلىدە، ئۇرقۇن دەل يادىكارلىقى، 11 ـ قورغاندىن تېپىلغان بىر نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3cm ، كەڭلىكى 1.5cm ، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 6cm ، باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكلىدە، قاناتچىلىرى تىك.

3 ـ گۇرۇپپا. تۆت قىرلىق باشاقلار ئىككى تىپ.

1 ـ تىپ. سوزۇنچاق رومبا شەكلىدە. نىك خوي يادىكارلىقى، 1 ـ گۆرلۈكتىن تې-




14 ـ رەسىم: ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى خارابىسىدىن تېپىلغان ئوق ۋە يا پارچىلىرى



15 ـ رەسىم: ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى خارابىسىدىن تېپىلغان تۆمۈر ئوق باشاقلىرى

پىلغان ئىككى نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.5cm ، كەڭلىكى 1.5cm ، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4cm ، باشاق ئۇچى تار بۇلۇڭ شەكىلدە، قاناتچىلىرى تىك.

2 ـ تىپ. ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭ شەكىلدە. نىڭ خوي يادىكارلىقى، 1 ـ گۆرلۈكتىن تېپىلغان ئۈچ نۇسخا. ئوق گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4cm ، كەڭلىكى 1.5cm ، ساپاق ئۇزۇنلۇقى 4.5cm ، باشاق ئۇچى كەڭ بۇلۇڭ شەكىلدە، يانلىرى پاراللېل ۋە قاناتچىلىرى تۈز.

تۇۋادىكى لەخمە گۆرلۈكلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئوق باشاقلىرى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ھازىر كونىراپ قالدى، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. كۆرسىتىلگەن ئوق تۈرلىرى (ئۈچ يانلىقلار ئىككى تىپ، ئۈچ قىرلىقلار بىر تىپ، تۆت قىرلىقلار ئىككى تىپ) بىزنى ئۇيغۇرلاردىكى يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەر خىل تىپلىرى ھەققىدە بەلگىلىك تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلىدۇ.

كېسىلىشى ئۇزۇنچاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق ۋە ئۇزۇنچاق بەش بۇلۇڭلۇق ئۈچ يانلىق باشاقلارنى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىگە ئورتاق، دېيىشكە بولىدۇ. توسۇقنى يارغۇچى ئۈچ قىرلىق غەيرىي سىممېترىك رومبا شەكىلدىكى، تۆت قىرلىق سوزۇنچاق رومبا شەكىلدىكى ۋە ئوق بېشى ئايرىم باشاقلارنىڭ تولىسى مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى يىراق ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قوراللىرىغا خاس. مىنۇسىتىن ئويمانلىقىدىكى يادىكارلىقلاردا توسۇقنى يارغۇچى ئوقلارنىڭ نىسبەتەن كۆپ بولغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر قوراللانغان قىرغىز ئاتلىق قىسىملىرىغا قارشى يىراق ئارىلىقتىكى جەڭلەردە توسۇقنى يارغۇچى ۋاستىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يىغىلغان ماتېرىياللار ھازىرچە ئىشەنچلىك يەكۈن چىقىرىشقا كەملىك قىلىدۇ. ھەرھالدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئاتلىق ئوقياچىلىرىنىڭ ئوق تۈرلىرى يېنىك قوراللانغان ۋە ساۋۇت كىيگەن

دۈشمەنلەرگە يىراق ئارىلىقتىن زەربە بېرىشكە يارىغان (61).

يۇ.س.خۇدياكوۋ ئۇيغۇر ساداقلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ھازىرغىچە تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدا پۈتۈن ساقلانغان ساداقلار تېپىلمىدى. تېپىلغانلىرى ساداقنىڭ قېيىن پوستىدىن ياسالغان قورساق قىسمىنىڭ پارچىلىرى، تاسما ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆڭەك سىرتماقلار، ساداقنى قىيپاش ھالەتتە ئېسىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان تۆمۈر ئىلمەكلەردىن ئىبارەت. ساداقلارنىڭ باش قىسمىنىڭ شەكلى ئېنىقلانمىدى. قورساق قىسمىنىڭ قالدۇقلىرىدىن قارىغاندا، بىر گۈرۈپپىغا ياتىدىغان بولۇپ، قورساق قىسمى سىلىندىر شەكىلدە، بىر تىپقا ئايرىلىدۇ، يانچۇقلۇق. نىڭ خوي يادىكارلىقىدىن تېپىلغان بىر نۇسخا. كەڭلىكى 14cm . ساداقلارنىڭ پىچىمى تۇخۇم شەكلىدە بولغان. مۇرەككەپ قاپارتما نەقىشلىك سۆڭەك سىرتماقلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئاياغ تەرەپلىرىدە ئىككى ۋە ئوتتۇرىدا بىر مۇنەك بولۇپ، تاسما ئۆتكۈزۈلىدىغان يول ھاسىل قىلىنغان؛ بۇ يولنىڭ ئىككى يېنىغا قورساق قىسمىغا بېكىتىش ئۈچۈن سىلىندىر شەكىلدىكى ئىككى تۆشۈك تېشىلگەن؛ سىرتماقنىڭ ئاياغ تەرەپلىرىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىردىن تۆشۈكلىرى بار. سىرتماقنىڭ شۇ يولىغا تاسما ئۆتكۈزۈلەتتى، بۇ تاسما بەلبەغقا بېكىتىلەتتى ياكى يەلكىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېسىلاتتى. ساداقنىڭ تۈۋىگە ئىككىنچى تاسمىنى ئۇلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھالقىسىمان سىرتماقلىق تۆمۈر ئىلمەك بېكىتىلگەن (62).

دېمەك، سوۋېت سابىق ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئورقۇن ۋادىسىنى پايتەخت قىلغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقياچىلىقى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

## 9. ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئوقياچىلىقى

ئۇيغۇر ياغمىلىرى باش بولۇپ، ھەرقايسى ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىيلار خانلىقى (850 ـ 1212) ئۈچ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق دەۋر سۈردى. ئاقسۇدىن ئامۇغىچە، بالقاشتىن جەنۇبىي تەكلىماكانغىچە كەڭ تېررىتورىيىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام تىپىدىكى يېڭى ئۇسلۇب ۋە تارىخىي قاتلىمىنى ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كېلىنگەن ئوقيا ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەينى ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ دەۋردە مەخسۇس ئوقيا ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەرمۇ بولغان. قاراخانىيلار ياخشى ئوق ئاتقۇچى مەرگەنلەر بىلەن ئارمىيە ۋە ئوق (ئوقيا) بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقۇچىلارنى ئوقچى دېيىش بىلەن بىللە، ئوق ياسىغۇچىلارنىمۇ ئوقچى، دەپ ئاتىشاتتى. يەنە بىر

تەرەپتىن ئوقنى ياخشى ئاتىدىغان مەرگەنلەرنى «ئاتىم» ياكى «ئاتىم ئەر» دەپمۇ ئاتىشاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قەھرىمان بولۇش بىلەن تەڭ، ئاتىم بولغان بىر ئادەمنىڭ سارايدىكى ئوقچىلار ۋە ياچىلار قاتارىغا كىرەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكىنىدەك، قوماندانىمۇ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغانىدى.

ئوق قىلىش ئۈچۈن كېسىلىپ تەييارلانغان تاياقلار «قوغۇش» دەپ ئاتىلاتتى. قوغۇشنىڭ ئوق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگىچە بولغان جەريانىغا كەلسەك، مەلۇم بولۇشىچە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچىغا ئۇچلۇق تۆمۈر بېكىتىلەتتى. قاراخانىيلار باشاق دەپ ئاتايدىغان بۇ ئۇچلۇق تۆمۈر ئالدى بىلەن تېشىلەتتى ۋە ئوقنىڭ ئۇچى بۇ تۆشۈككە تىقىلاتتى ھەم مەھكەم ئورنىتىلاتتى. باشاقنىڭ ئوق ئۇچى كىرگەن بۇ تۆشۈك قىسمى «بورى» ياكى «باشاق بورىسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقنىڭ تاياقچە قىسمى بىلەن باشقىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، باشاقنىڭ ئۈستىگە دەل كېلىدىغان بىر ئىنچىكە تېرە قاپلىناتتى، بۇ تېرە «تىلى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنى ھەم كۆرسىتىپ ئۆتەيلى، ئۇ باشاقلاردىن بەزىلىرى زەھەرلىك بولاتتى ۋە باشقى زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان بۇ ئوقلار «قاتۇتلۇغ ئوق» دەپ ئاتىلاتتى (63).

ئوقنىڭ ئارقىسىغا يېپىشتۇرۇلىدىغان ۋە نىشانغا تېگىشىنى قولايلاشتۇرىدىغان پەيلەر «يوگ» دەپ ئاتىلاتتى. ئومۇمەن ئۈچ خىل بولىدىغان ۋە ئوقنىڭ نىشانغا تېگىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان بۇ پەيلەرنى ئوققا يېپىشتۇرۇشنى «يەلىملەمەك» دەيتتى ۋە بۇ ئىباردىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، يېپىشتۇرۇش ئىشىدا قوللىنىلىدىغان يېپىشتۇرغۇچنى «يەلىم» دەپ ئاتىشاتتى. ئوقلارغا يېپىشتۇرۇلغان بۇ پەيلەرنىڭ بەزىلىرى توم بولاتتى. بۇ خىل توم يۇلەك (يەلەك)لىك ئوقلارنى «قاپا يوگلۈگ ئوق» دەپ ئاتىشاتتى. ئوققا يوگ ۋە باشاقتىن تاشقىرى، «سوقىم» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل نەرسە ئورنىتىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرى «سوقىم» سۆزىنى «بىر ياغاچنىڭ پارچىسى قارىغاي غوزىسى شەكلىدە كېسىلىپ ئىچى ئويۇلىدۇ. ئۈچ تەرىپىدىن تېشىلىپ ئوقنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ» دەپ ئىزاھلىغانىدى. «دىۋان»دا سوقىمنىڭ نېمە مەقسەتتە ئورنىتىلىدىغانلىقى دېيىلمەيدۇ. بىزنىڭچە بۇ، ياسىلىش شەكلىگە قارىغاندا ئىسقىرتقاندەك بىر خىل ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن ئوقنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان بىر نەرسە بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەردە ئومۇمىيۈزلۈك «ۋىژىلدايدىغان ئوق» دەپ تەرىپلىنىدىغان ۋە ئېتىلغان چاغدا ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ئوقلارنىڭ بارلىقى قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تەسۋىرلىنىپ كېلىنمەكتە. مۇشۇنداق بىر خىل ئاۋازنىڭ «سوقىم» ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن چىقىرىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئوق ياساش ئۈچۈن كېسىلگەن قوغۇشلار يوگ باشاق ئورنىتىلىشتىن [illegible]ۇن ياكى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ھەرھالدا پۇختا بولۇش ئۈچۈن باغلىنىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، بۇنى «قوۋشاماق» دەپ ئاتىشاتتى (64).

قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قىسىملىرىدا ئوق ئېتىش مەشىقىنى يېڭىدىن باشلىغانلارغا، بەزى ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باشاقسىز ئوق ئاتتۇرۇلاتتى، ئۇچىدا باشاق ئورنىدا يۇمىلاق بىر ياغاچ پارچىسى بولغان بۇ ئوقلار «قالۋا» ۋە «ئولۇن» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلاتتى. بۇنداق ئوقلار ئادەتتىكى نورمال ئوقلارغا نىسبەتەن يېنىك بولۇپ، يىراقلارغا بارالايدىغان بۇ ئوقنىڭ ئايرىم بىر خىل ئېتىلىش شەكلى بار ئىدى. ئاتقۇچى بۇنداق ئوقنى ئوڭدىسىغا يېتىپ ئاتاتتى. مەھمۇد كاشغەرى بۇ خىل ئوق ئېتىشقا «چۇرام»، ئېتىلغان ئوققا بولسا «چورام ئوقى» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى [65].

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئوققا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىبارىلەرگە كەلسەك، ئوقنىڭ كەينىگە پەي يېپىشتۇرۇش ئىشى «ياپچۇرماق» ياكى «ياپشۇرماق» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئوق بىلەن چەنلەشنى «كەزلەمەك» ياكى «كەزگەرمەك»، ئوقچىنىڭ ئەگرى ئوقنى تۈزىتىشنى «ئوق كۆنگەرمەرك»، «ئوقنىڭ باشقىنىنىڭ تاشقا ياكى باشقا قاتتىق جىسىملارغا تېگىپ قايرىلىپ كېتىشىنى «تېگىلمەك»، نەدىن كەلگەنلىكى ۋە كىمنىڭ ئاتقانلىقى نامەلۇم ئوقنى بولسا «ئازۇق ئوق» دەپ ئاتايتتى. بۇ XI ئەسىردىكى قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قورال - ياراق تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ياغا كەلسەك، ئوققا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان قاراخانىيلارنىڭ ئوقنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە گەپ يوق. ئەينى زاماندىلا «يا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «يا» ئاساسەن ئەگمەچ ياغاچ ۋە ئوقنى ئاتىدىغان كىرىچتىن تۈزۈلەتتى. يانىڭ كىرىچى، بۇگۇنكى تەلەپپۇزغا يېقىنراق كېلىدىغان «سىنغىر» دەپ ئاتىلاتتى. ياغا كىرىچ ئورنىتىشنى «يا سىنغىرلەمەك» دەيتتى، ئەگىم يانىڭ ئوتتۇرىسى «باغىر» ياكى «يا باغرى» دېيىلەتتى. يانىڭ بۇ باغرى قىسىملىرىغا شىر تېرە ئورىلىپ، ئۇنى ھەم چىڭىتقانلىقى ھەم ئۇنى ئالغاندا تۇتۇشنى ئاسانلاشتۇرغانلىقى مەلۇم. يالارنىڭ بۇ باغىر قىسمىغا ئورالغان شىر تېرە «توز» دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلەن، دەدە قورقۇت داستانلىرىدىكى «ئاغچا توزلۇ قاتى يايلار» دېگەن جۈملىدىن «توز» سۆزى يالارغا ئورالغان تېرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «يا باغلىماق» دېگەن سۆز، يانىڭ باغىر قىسمىنى تۈزەش ياكى رېمونت قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن[66].

يانىڭ يۈزلىرىگە، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن نورمال يادىن باشقا «قارۋى يا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىنچىكە بىر خىل يا بىلەن «يەتەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاياقچە يا نى بىلىمىز. بۇ يا نىڭ نېمە ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇنداق يا ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋاتقانلار ئىشلىتىدىغان بىر خىل يا بولۇشى مۇمكىن.

يانىڭ كىرىچتىن ئاجرىشى «يا يازماق» ياكى «يا باسماق» دېيىلەتتى. قاراخانىيلارنىڭ ئەسكەرلىرىدە ئوق ۋە يالارنى ئېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئوقدانلار ۋە يا قاپچۇقلىرى بولاتتى. قاراخانىيلار ئوق سېلىنىدىغان قاپچۇقلارنى «كىش» دەپ ئاتايتتى.

قاراخانىيلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان بۇ ئاتالغۇلار غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇقىيلار قوشۇنىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغانىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «كىش»نى «قاپقاقلىق بىر قاپ» دەپ كۆرسەتكەنلىكىدىن بەزى ئوقدانلارنىڭ نورمال ئوق بويىدىن ئۇزۇن ياسىلىدىغانلىقى ۋە تېز ھەرىكەت جەريانلىرىدا ئوقلارنىڭ تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاپقاق ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن [67].

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەسكەرلەر يالىرىنى قاپ ئىچىگە سېلىپ يۈرەتتى ۋە بۇنى «ياسىخ» دەپ ئاتايتتى. ئەمما بۇنىڭ باشقا بىر خىلىنى «قۇرۇغلۇغ» دەپ ئاتايتتى. يەنە ئۇلار بەزى يا ۋە ئوقلارنى ئايرىم قاپچۇقلارغا سالماستىن بىر قاپنىڭ ئىچىگە سېلىپمۇ يۈرەتتى. بۇ شەكىلدە ياسالغان قاپلارنى «كىش قۇرۇغلۇغ» دەيتتى. «قۇرۇغلۇغ» دېگەن ئىسىمدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، ئۇيغۇرلار يا كىرىچلىرىنى يامغۇر ۋە باشقا نەملىكلەردىن ساقلاش ئۈچۈن يالىرىنى مۇشۇنداق قاپلار ئىچىدە ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا نورمال ئەھۋاللاردا يالارنىڭ مۇنداق قاپلار ئىچىگە سېلىنىشى ھەرىكەت قىلىشتا ئەپسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىراتتى [68].

## 10. ئۇيغۇرلاردا ئوقيا مۇقەددەسلىكى

ئۇيغۇر خەلقى مەركىزىي ئاسىيادا ئاپىرىدە بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە بولغان، ھەر خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇش تىپى، ھەر خىل ئېتىقاد ۋە دىنىي مەدەنىيەت تىپى، ھەر خىل يېزىق شەكلى ۋە ھەر خىل تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، داۋاملىق ساقلىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ كەلگەن تىپىك مەدەنىيەت مىللىتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان سېغىنىش - ئېتىقاد، فولكلور قاتلىمىغا چوڭقۇر نەزەر تاشلىنىغىمىزدا، ئۇلارنىڭ ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق ۋە توپ - پادا ھالىتىدىكى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى بايقاشقا باشلىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن نەرسىگە سېغىنىش ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈشنىڭ راۋاجلانغان شەكلى سۈپىتىدە ئانىمىزم [69] ھادىسىلىرى پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ۋەھالەنكى، ئىپتىدائىي ئىنسان جاھالەت دەۋرىدىكى ئۆز ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ چۈشىنىشكە، ئۇنى ئىلاھىي تەرزدە ئىزاھلاشقا قىزىققان. دىيارىمىزدىن تېپىلغان ئوقيالارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ۋە ئوقياغا چوقۇنۇش مەزمۇن قىلىنغان بىرمۇنچە غار - ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش رەسىملىرى ئېھتىمال مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى نەرسىگە سېغىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. دىيارىمىزدىن بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرى نەچچە ئون مىڭ يىلدىن نەچچە مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئېتىقاد - سېغىنىشلىرىنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ قەدىمكى ئوبرازلىق تارىخنامىدۇر. بايقال

كۆلىدىن ئامۇ دەريا جىلغىسىغىچە، چوغاي تاغلىرىدىن قۇرۇم ـ قاراقۇرۇم ۋە پامىر تاغلىرىغىچە ئورتاق فولكلور چەمبىرى شەكىللەندۈرگەن بۇ قىيا تاش رەسىملىرىدە دەسلەپ يالىڭاچ ئادەملەرنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھايۋان تېرىسىنى يېپىنغان ئادەملەرنىڭ، ئاخىرىدا قۇيرۇق ۋە مۈڭگۈز ياكى ئۇكە تاقاپ ھايۋان تېرىسىدە نىقابلانغان ئادەملەرنىڭ ناھايىتى يوغان ھەم ئاددىي ئوقيالار بىلەن ئوۋ قىلىۋاتقانلىقى، ھەتتا بەزى رەسىملەردە ئوقيانى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئادەمدىن يوغان كۆرۈنۈشتە تەسۋىرلىشى مانا شۇ ئەڭ دەسلەپكى ئوقيا مۇقەددەسلىكىنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي تەسۋىرى بولسا كېرەك.

خۇددى ئىللىن شىجار «ئادەم قانداق قىلىپ گىگانت ئادەمگە ئايلانغان» دېگەن ئەسىرىدە «ئادەم يا ئوقىنى (ساداقنى) ياساش ئۈچۈن نەچچە مىڭ يىل سەرپ قىلغان. ئەڭ دەسلەپ يادىن ئېتىلىپ چىققىنى يا ئوقى ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىن بار بولغان نەيزە ئىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتىكى يالارمۇ ناھايىتى چوڭ ياسىلىدىغان بولۇپ، ئادەمدەك ئېگىز ئىدى» [70]، دەپ كۆرسەتكەندەك، ئەڭ دەسلەپكى ئوقيالار ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولغاچقا ئالاھىدە قۇدرەتلىك قورال، خىسلەتلىك قورال، دەپ قارىلىپ ئىلاھلاشتۇرۇلغان. تېخى يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ، ساددا ھالەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئاجايىپ سىرلىق ۋە كارامەت مۆجىزە كۆرۈنگەن ئوقيا تەبىئىي ھالدىلا ساددا ئىنسانلارنىڭ چوقۇنۇش ئىلاھىغا ئايلىنىپ، مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن، ئۇلۇغلانغان، سېغىنىش ـ يېلىنىش ئىلاھى، ئارزۇ ـ ئۈمىد مەشئىلى، نالە ـ تەلپۈنۈش قۇتبىسى، ئەقىدە ـ ئىشەنچ قۇدرىتى بولۇپ قالغان.

بىز بۇنداق فولكلورلۇق ئالامەتلەرنى يەنە دىيارىمىزدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ دەپنە قىلىنىش رەسمىيەتلىرىدىن، بەدەنلىرىگىچە ھەر خىل رەڭدىكى ئوقياغا ئوخشاش نەقىشلەر چېكىۋېلىشىدىن، جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئىپتىدائىي ئوقيالار، سېھىرلىك قورال دەپ تونۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تاش ۋە سۆڭەك باشاقلاردىن، ئۇلارنىڭ ئۆڭكۈرلەر، قىيا تاشلارغا سىزغان ئەڭ دەسلەپكى ئوقيا كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئوقياغا دائىر ھەر خىل ئالامەتلىك بەلگىلىرىدىن بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جاھالەت دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىنسانلارنىڭ ئوقيانى كەشىپ قىلىشى بىلەن باشلانغان. ئىپتىدائىي قوۋملار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئوقيا ئوقىنى قۇياش نۇرىغا تەققاسلاپ چۈشەنگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەپسانىلىرىدا قۇياش ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ ئوۋچى، دەپ قارالغان. شۇڭلاشقا ئوقيا ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا ئالاھىدە خىسلەتلىك قورال ھېسابلانغان [71]. ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ ئىجاد قىلغان ئاددىي تاش ئوقيالىرىنى ئىلگىرى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىش ياكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈنلا ئىشلەتكەن بولسا، كېيىنچە باشقا قەبىلىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش ـ توقۇنۇشلاردا ئىشلەتكەن. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى مەز-

گىلىك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى نوقۇل ئوۋچىلىقتىن ھالقىپ چارۋىچىلىق ۋە مۇقىم دېھقانچىلىققا ئۆزگەرگەن. مۇشۇ مەزگىللەردىمۇ ئوقيا يەنىلا مۇھىم ئەمگەك قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بازارلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە چوڭ - كىچىك دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. قەبىلىلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبلىك ئوقيا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ھايات - ماماتى، غەلىبە ياكى مەغلۇبىيىتى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىپ، قوۋملارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى. مۇشۇ يوسۇندا داۋاملاشقان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوقيانىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى تونۇپ يەتكەن ئەجدادلىرىمىز ئوقيادىن ئىبارەت بۇ قورالنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مۇقەددەسلەشتۈرۈپ تونۇغان، قەدىمكى تەڭرىقۇتلار ۋە باتۇرلارنىڭ دالىدىكى ئوۋچىلىق ياكى جەڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقىنى ئوقيادىن ئىبارەت مۇقەددەس قورالغا باغلىق، دەپ قارىغان[72].

ئىپتىدائىي مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمى «قەدىمكى ئىنسانلار ئوقيانى قۇياشنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئىجاد قىلغان» دەپ قارىشىدۇ. چۈنكى، ئوۋچىلىق دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەپسانىلىرىدە قۇياش ئەڭ مۇقەددەس ۋە غالىب ئوۋچى سۈپىتىدە قارالغان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستېتىك ئېڭى بويىچە ياساپ چىققان ئوقيانى قۇياشنىڭ يۇملاق شەكلىگە ۋە ئوقيا باشاقلىرىنى قۇياشنىڭ تارام - تارام نۇر چېچىپ تۇرغان تىك ۋە شىددەتلىك ھالىتىگە ئوخشىتىپ چۈشەنگەن، ئوقيانى ئىلاھىي خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر، دەپ قارىغان [73].

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىدىمۇ ئوقيا تەسۋىرى ئالاھىدە ئېتنىك ئۇچۇر سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن:«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا باش قەھرىمان ئوغۇزخان بېلىگە ئوقيا ئاسقان، ئۇۋدا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان قەھرىمان باھادىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئېپوسنىڭ كېيىنكى قىسمىدىمۇ ئوغۇزخاننىڭ دانىشمەن ۋەزىرى - ئۇلۇغ تۈرك چۈشىدە بىر دانە ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ تال كۈمۈش ئوقنى كۆرىدۇ. ئوغۇزخان ۋەزىرىنىڭ چۈشىدىكى بۇ بېشارەتكە ئاساسەن ئۆز ئوغۇللىرىنى ئوۋغا ئەۋەتىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان 3 ئوغلى بىر دانە ئالتۇن يانى، كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى بولسا 3 دانە كۈمۈش ئوقنى تېپىپ كېلىپ ئاتىسىغا تاپشۇرىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرىدىن كۈتىدىغان ئارزۇ - تىلىكى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئامىتىمۇ ئوقيا ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئوغۇزخان ھەربىي يۈرۈشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۆز قوشۇندىكىلەرگە «ئېلىڭلار قولغا يا ۋە قالقان، بۆرە بولسۇن بىزگە ئۇران» دەپ جاكارلايدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئوغۇزخان ئۆز ئوغۇللىرى تېپىپ كەلگەن بېشارەتلىك يا ۋە ئوقلارنى پەرزەنتلىرىگە مىراس قىلىپ بۆلۈپ بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئوقياغا ئائىت بۇ خىل سىمۋوللۇق ۋەقە - تەپ-

سىلاتلار قەدىمكى يۇنانىنىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرىدىكى ئىلاھىي قەھرىمانلارنىڭ جەڭ قوراللىرى ياكى ھىندىلارنىڭ «ماخاب خاراتا» ئېپوسىدىكى باش قەھرىمان كاربو بىلەن ئارژولارنىڭ قۇياش ئىلاھى ھەدىيە قىلغان خاسىيەتلىك قىلىچ ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشىپ، باھادىرلىقىنى نامايان قىلغان ئالاھىدە ۋەقە ـ تەپسىلاتلارغا ئوخشاش، يۈكسەك سىمۋوللۇق ئىجتىمائىي قىممەت ۋە تارىخىي مەنىگە ئىگە (74).

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئوقيانى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئەنئەنىسى ئۇيغۇر فولكلور مىراسلىرىنىڭ بىرى بولغان «باتۇر تەڭرىقۇت» رىۋايىتىدىمۇ مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ رىۋايەتتە ھۇن شاھزادىسى باتۇرنىڭ ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلىدىن بارىمتاي (كېپىللىك)دىن قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئاۋازلىق ئوقيانى ئىجاد قىلغانلىقى، بۇ ئوقياغا تايىنىپ ھاكىمىيەت ئىگىلىگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، «باتۇر تەڭرىقۇت رىۋايىتى»دىكى ئوقيا ئوبرازى جەڭگىۋارلىق، ئامەت ۋە شان ـ زەپەرنىڭ مۇھىم ۋاستىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئۇيغۇر» ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە توختالغاندا ئوقياغا مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەتنى مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يۈرۈش قىلىپ كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا تۆت مىڭ ئاتلىق ئوقياچى قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يا ئوقىنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، ئارقىغىمۇ شۇنداق چەبدەس ئېتىپ نىشانغا تەگكۈزىۋاتقان بۇ قوشۇننىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن ئىسكەندەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قايىل بولۇپ، «بۇلار باتۇر ئەل ئىكەن. ھېچقانداق ئوۋ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغۇدەك، ئۇلار ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدىكەن» دېگەن مەنىدىكى «ئىنان ئى خۇزخورەندە» دېگەن سۆزنى قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلار بىلەن بىتىم تۈزگەنلىكى، «خۇز خور» سۆزىنىڭ كېيىن «ئۇيغۇر»غا ئۆزگەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ھاياتىي پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى «ئەرگىنە قۇن» داستانىدىن، قەدىمكى زاماندا ئالتاي ئېتەكلىرىدە ياشىغۇچى شەرقىي تۈرالارنىڭ تۇتېمىزم ۋە ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى مەزگىللىرىدىلا رودا ئېرىتىپ، تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھايات سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىكى مىتالچىلىققا ئائىت پاكىتلار بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ مېتال ئوقيا ياساش جەھەتتىكى ئىجادىيىتىنى مەلۇم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئوقيانىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ تەدرىجىي يېتىلىنىپ بېرىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئوقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق مۆجىزە ئىدى. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ھايات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە

ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى باشقا ھەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش قورالىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئوقيادىن كەڭ ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلانغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئوقيادىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە خىسلەتلىك قورالنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى ھاياتىي كۈچنىڭ، غالىبىيەتنىڭ سىمۋولى، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ۋاسىتىسى، دەپ تونۇش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئوقيا مۇقەددەسلىكى چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرى، سەنئەت خەزىنىسى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىدە ئىزچىل ئىپادىلىنىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئوقياچىلىقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى رولىنى يەنە باشقا تەرەپلەردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «باتۇر تەڭرىقۇت رىۋايىتى»دىكى ئاۋازلىق ئوقيا ھەققىدىكى بەدىئىي تەپسىلاتلارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، ئوق يادىن ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن تەڭلا بىر خىل جىددىي سادا (ھاۋا دولقۇنىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز) ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇ خىل ئاۋاز سىگنالىنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئوقيالىرىنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى ئىپادىلىگۈچى ئەڭگۈشتەر، ھەقىقىي گۈزەللىك خىسلىتىگە ئىگە ئوبيېكت، دەپ قارىغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئالاھىدە تەسىر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىنچىكە نەرسىلەرنىڭ تەۋرىنىش دولقۇنىدىن تەبىئىي يېقىملىق ئاۋاز چىقىدىغانلىقىدەك تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئىپتىدائىي تارىلىق چالغۇ ئەسۋابلار (ساز)نى ئىجاد قىلىپ چىققان. ئىختىراشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا، ھەرقانداق بىر كەشپىيات كۆپىنچە تۇرمۇشتىكى بىرەر تاسادىپىي ھادىسىنىڭ ئىلھامىدىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس قورالى بولغان ئوقيانىڭ ئىلھامىدىن مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كۆپ خىل شەكىللىك تەرەققىياتى كېيىنكى مەزگىللەردە خەلقىمىزنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تارىلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تۈر، شەكىللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئەنئەنىۋى مۇزىكا، مۇقاملىرىنىڭ مول ۋە رەڭدار بولۇشى، خەلقىمىزنىڭ شوخ، سەنئەتخۇمارلىقى ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى [75].

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئەمگەكچان، ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئوقيا مەدەنىيىتى خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش كۆرەشلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى، مەنىۋى ئېتىقادى، فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىدا تۈرلۈك شەكىل ۋە ئۇسۇللاردا ئىپادىلىنىپ كەلدى.

ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۇغۇرلار (سېرىق ئۇيغۇرلار) قىز كۆچۈرگەندە ئىككى دۆۋە ئوت يېقىلىپ قىز شۇ ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىگىت بولسا ياندا تۇرۇپ ياغاچتىن ياسالغان ئوقيا بىلەن قىزغا ئوق ئاتىدۇ. ئەگەر ئوق تەگسە قىز

بىلەن يىگىت ئۈمۈر بويى بەختلىك ئۆتەلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، قىزنى ئوتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئوقيا ئېتىش قىزغا چاپلىشىۋالغان جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلىغانلىق بولىدىكەن ⑯.

بۇنىڭدىن بىز ئوقيانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنـلىكىنى ۋە سىگنىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىيات ـ سەنـئەتتىمۇ، مەجازى ۋاستىلاردىمۇ ئوقيا تەسۋىر ئوبيېكتى بولغان. مەسىلەن:

«كىيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.»

ـــ خەلق قوشىقى

«بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭلۈم ئىدى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئوقتەك، بويۇم بولدى يا.» ⑰

ـــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دېگەن مىسرالاردا ۋە «قۇرۇلغان كىرىچ، تۇگۇلمەس سالما بىلەن تاغ ئېگىلمەس» ⑰ دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلگەن.

ئاخىرىدا شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مەركىزىي ئاسىيا ئوقيا مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچى چەۋەنداز مەشئەلچى مىللەت ئۇيغۇر خەلقى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىن، ئەپسانىلەردە سۆزلەنگەن سۇر بۆرە ئېمىتكەن شاھزادە ياكى دەرەخ قوۋزىقىدىن ئاپىرىدە بولۇپ، ئۆزىگە «ئۇيغۇر» دەپ نام بېرىپلا تۇنجى تىنىقىنى تىنغان ئەمەس. ئۇلار مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇملىرىدىكى ئۆزىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى قېنىدىن، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن، فولكلور ئىزچىللىقىدىن ۋە ئېتنىك مەدەنىيەت تىپىدىن ئاپىرىدە بولغان. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان فولكلور تىپى، روھىيەت تۈسى، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر خاھىشچانلىقى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا پەيدىنپەي بىر سىستېما ياراتقان يىراق مەنبە، ئۇزۇن تارىخىي ئېقىم، كۆپ قاتلاملىق ئېتنولوگىيىلىك مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن. ئوقيادىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك، سىرلىق، خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر قورال ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلارنىڭ يالىڭاچ، ساددا ئەجدادلىرى ھاياتىدا ئاپىرىدە بولغاندا پەقەت ئاددىي ئوۋ قورالى مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق، نادانلىق ۋە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ھاياتىدىكى ئەجدادلارنىڭ جامائەلىشىش تەشكىلىي ۋاستىسى، تۇرمۇشقا يېتەكچى ئالەم ۋە روھىيەت قاراشلىرى، ئوۋغا ئاتلـ

نىش ئالدىدىكى كوللېكتىپ مۇراسىم ۋە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىسى، ئۇرۇق - قەبىلە، مىللەتنىڭ ئېتنىك رىجە - قائىدىلىرىنىڭ دائىمىي قورالى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى يىراق ئەجدادلىرىنىڭ ئوقيا مۇقەددەسلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇنى ئۆز تۇرمۇش قايناملىرىدا داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تارىخىي قاتلاملار بىلەن ئۇنى داۋاملىق بېيىتىپ كەلدى. بىز ئۇنى بۇ ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئارىسىدىكى فولكلورلۇق ئېتنىك مەدەنىيەتتە گەۋدىلەنگەن ئوقيا مۇقەددەسلىكىگە ئائىت روھىيەت تامغىلىرىنىڭ بىردەكلىكىدىن چېلىقتۇرىمىز.

شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلاردىكى ئوقيا مۇقەددەسلىكى يەنىلا ئۇيغۇر فولكلور قاتلىمىنى ئۇل قىلغان، برونزا ۋە تۆمۈر قوراللىرى دەۋرىدىكى ئاجايىپ قۇدرەتلىك ئوقيالار كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئاددىي ئوقيا شەكىللىرىنى ئۆزىگە ئېتنىك مەنبە، تامغا، ئەنداز، تۇخۇم ۋە گېن قىلغان. ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن روھىيەت تامغىلىرى ئىزىدا داۋاملىق راۋاجلانغان، مۇكەممەللەشكەن، ئۇيغۇر فولكلورى ھەم تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئادەت يوسۇنلىرىغىچە ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

ئىزاھاتلار:

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 39 - بەت.

② ۋاڭ بو، جىاڭ جىبي:«ئالتاي تېغى دوندىبۇقتىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە خاس قىيا تاش رەسىملىرى»، «تورپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، خەنزۇچە 2005 - يىللىق 1 - سان، 120 - 121 - بەتكە قاراڭ. ئۇنىڭدا بۇ قىيا تاش رەسىملىرى 20 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، دېيىلگەن.

③ پروفېسسور سۇ بىخەي «شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرى» (1994 - يىل، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو - سۈرەت نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 409 - بەت) ناملىق كىتابىدا ئالتاي، تەڭرىتاغ، قۇرۇمتاغلاردىكى غار - ئۆڭكۈر ۋە قىيا تاش رەسىملىرىنى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا، يەنى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 10 - 15 مىڭ يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ يازىدۇ.

④ مورگان:«قەدىمكى جەمئىيەت»، ئۇيغۇرچە، 39 - بەت.

⑤ ئېنگېلس:«ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»دىن ئېلىندى.

⑥ مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، ئۇيغۇرچە، 51 - بەت.

⑦ يۇقىرىدىكى كىتاب، 68 - بەت.

⑧ يۇقىرىدىكى كىتاب، 747 - بەت (مورگان كەلتۈرگەن نەقىل).

⑨ ئابدۇرېھىم راخمان:«ئۇيغۇرلاردا ئوقيا مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، 1994 - يىلى 1 - سان، 9 - بەت.

⑩ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «يۇرتىمىز ئىپتىدائىي سەنئىتىنىڭ رېئال تارىخىي تەسۋىرى - دىيارىمىزدىكى قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ھەق-

قىدە» (ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 248 - 289 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان) دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

⑪ ⑫ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا» دېگەن زور ھەجىملىك ماقالىسىنىڭ «تاش قوراللار»، «ئوۋچىلىق» ۋە «چارۋىچىلىق» دېگەن قىسمىغا قاراڭ. ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابى، 10 - 29 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى.

⑬ ۋۇجېن: «شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە بىر قانچە ئىز»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1964 - يىل 7 - سانىغا قاراڭ.

⑭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭنىڭ سەيۈۋپۇ كۆلى ساھىلىدىكى ئۇششاق تاش قورال ئىزىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1989 - يىل 2 - سانىغا قاراڭ.

⑮ جاڭ يۇجۇڭ، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «لوپنۇر رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1988 - يىل 3 - سان؛ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل: «شىنجاڭ رايونىدىكى تاش قورال ئىزلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1995 - يىل 3 - سانىغا قاراڭ.

⑯ شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «گوچۇڭ ناھىيىسى بەنجىگودىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەۋە ئىز»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1981 - يىل 6 - سانىغا قاراڭ.

⑰ شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «ئوپالدىكى ئۇششاق تاش قورال ئىزىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1987 - يىل 3 - سانىغا قاراڭ.

⑱ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىل 1 - سان، 7 - بەتكە قاراڭ.

⑲ يۇ تەيشەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، 1996 - يىل، جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەتكە قاراڭ.

⑳ يۇقىرىدىكى كىتاب 10 - 13 - بەتلىرىگە قاراڭ، يەنە 1 - ئىزاھاتتىكى ماتېرىيالغا قاراڭ.

㉑ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ 30 يىلى»، 1979 - يىل، مەدەنىيەت يادىكارلىق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

㉒ لى شياۋ: «شىنجاڭ چۆچەك شەھىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى بايقاشلار»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1991 - يىل 1 - سانىغا قاراڭ.

㉓ ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىنى قېزىش ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى»، خەنزۇچە، 1983 - يىل 1 - سانىغا قاراڭ.

㉔ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «خۇشۇتتىكى شىنتاران خارابىسىنى قېزىشتىن خەۋەر»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1988 - يىل 5 - سانىغا قاراڭ.

㉕ ۋۇجو، خۇاڭ شياۋجاڭ: «كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قارا دۆڭ خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى ھاسىلاتلار» (داۋامى)، 1997 - يىلى شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت — فوتو - سۈرەت نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرىگە قاراڭ.

㉖ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 2002 - يىل 1 - 2 - سان، 15 -

بەتكە قاراڭ.

㉗ «شىنجاڭ قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەبرىستانلىقى»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1989 ـ يىل 3 ـ سانغا قاراڭ.

㉘ «شىنجاڭ خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ چابغا جىلغىسى ئېغىزىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىستانلىق»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىل، خەنزۇچە 1 ـ سانغا قاراڭ.

㉙ «بۇگۇر چۇمپاق قەبرىستانلىقىدىكى بىرىنچى قېتىملىق قېزىشتىن خەۋەر»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1987 ـ يىل 11 ـ سانغا قاراڭ.

㉚ «پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن خەۋەر»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1984 ـ يىل 1 ـ سان ۋە 1987 ـ يىل 6 ـ سانغا قاراڭ.

㉛ «تۇرپان ئايدىڭكۆل قەبرىستانلىقى»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە، 1982 ـ يىلى 4 ـ سانغا قاراڭ.

㉜ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1997 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ سان، 70 ـ بەتكە قاراڭ.

㉝ يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 1998 ـ يىل 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 102 ـ ۋە 111 ـ بەتكە قاراڭ.

㉞ يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2000 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ قوشما سان، 33 ـ، 34 ـ بەتكە قاراڭ.

㉟ يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2000 ـ يىل 3 ـ 4 ـ قوشما سان، ئۇيغۇرچە 75 ـ بەتكە قاراڭ.

㊱ يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2003 ـ يىل 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 4 ـ، 64 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

㊲ يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2003 ـ يىل 4 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 11 ـ، 12 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

㊳ يۇقىرىدىكى ژۇرنال، 2004 ـ يىل 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 19 ـ، 23 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

㊴ سى ماچيەن:«تارىخىي خاتىرىلەر. 110 ـ جىلد. ھۇنلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 391 ـ بەت.

㊵ يۇقىرىدىكى كىتاب، 398 ـ بەت.

㊶ ㊷ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ:«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى ـ ئوغۇزنامە»، 1981 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 97 ـ 98 ـ قۇرلارغا قاراڭ.

㊸ مەھمۇد كاشغەرى:«تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 151 ـ بەت.

㊹ ل.ن.گومىليۋ:«قەدىمكى تۈركلەر»، موسكۋا ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، رۇسچە نەشرى، 1967 ـ يىل 13 ـ بەت.

㊺ «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. 103 ـ جىلد. قاڭقىللار تەزكىرىسى»، جوڭخۇا كىتابخانىسى، 1974 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 2307 ـ بەت.

㊻ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1991 ـ يىل 2 ـ 3 ـ قوشما سانى، 37 ـ بەت.

㊼ شۆزۈڭجىڭ:«تۈرك تارىخى»، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 271 ـ بەت.

㊽ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، 25 ـ جىلد، 392 ـ 393 ـ بەتلەر.

㊾ ㊿ 51 52 يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

53 غ. ئايداروۋ:«كونا تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى»، 1986 ـ يىل، ئالما ئاتا، قازاقچە نەشرى، 14 ـ، 16 ـ بەتلەر.

(54) ئابدۇرېشىت ياقۇپ:«ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋاد»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتى، 1992 ـ يىل، (ماي باسما) 9 ـ بەت.

(55) گېڭ شىمىن: «قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى 178 ـ بەت.

(56) يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 5 ـ 205 ـ بېيت.

(57) مەھمۇد قەشقەرى:«تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى، 11 ـ توم، 2 ـ بەت.

(58) ئوقىنىڭ ۋە يانىڭ ياسىلىشى، تۈرلىرى ھەققىدە رىشات گەنجىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق كىتابىنىڭ 427 ـ 434 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. يۇقىرىدىكى بىر قىسىم نەقىللەر ئابدۇرېھىم راخمانىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئوقيا مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، 1994 ـ يىلى 1 ـ سان، 8 ـ 15 ـ بەتلەر) دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(59) س. كېسلىۋ:«سوۋېت تارىخىي ئىلمى ۋە تارىخ ئوقۇتۇشى»، بېيجىڭ دەۋر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1953 ـ يىل، 80 ـ 81 ـ بەتلەر. چىڭ سۇلۇ:«ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى»، 1 ـ قىسىم، خەنزۇچە، 5 ـ بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(60) (61) (62) يۇ.س.خۇدياكوۋ:«مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قورال ـ ياراقلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى» (رۇسچىدىن پەرھات جىلان تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 244 ـ 249 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(63) (64) (65) (66) (67) (68) رىشات گەنج:«قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» (تۇرسۇنئاي ساقىم، تۇرسۇن ھوشۇر تەرجىمىسى)، 1990 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 426 ـ 433 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

(69) ئانىمىزم ــ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس باشقۇرغۇچى تەڭرى ـ مۇئەككەللىرى بولىدۇ، دەيدىغان ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئاساسىدىكى كۆپ تەڭرىلىك ئىلاھىيەتچىل كۆزقارىشى. ئانىمىزملىق قاراشلار ساددا ۋە ستىخىيىلىك تۈس ئالغان.

(70) ئىللىن شىجار:«ئادەم قانداق گىگانت ئادەمگە ئايلانغان»، 1950 ـ يىل بېيجىڭ، سەنلىيەن كىتابخانىسى، خەنزۇچە نەشرى، 142 ـ بەت.

(71) (72) ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديارنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيا ئېتىقادى» («شىنجاڭ گېزىتى»، ئۇيغۇرچە، 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى سانى) دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(73) (74) (75) ئابلاجان ئۇمىديارنىڭ «ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىكى ئوقيا تەسۋىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيا مەدەنىيىتىگە نەزەر» («شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»، ئۇيغۇرچە، 2001 ـ يىل 3 ـ سان 62 ـ 64 ـ بەتلەر) دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(76) (77) (78) ئابدۇرېھىم راخمانىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا ئوقيا مەدەنىيىتى» («شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، 1994 ـ يىل 1 ـ سان، 9 ـ 15 ـ بەتلەر) دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە)

# دولانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

## «قوڭغۇز يېگەن دولانلىق» ھەققىدە رىۋايەت

دولانلار ياشىغان رايونلاردا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: بۇرۇنقى زاماندا، تەكلى-
ماكاندىكى بىر ئاۋات شەھەردە دولانلار ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
يات ئەلدىن بۇ شەھەرگە زور تاجاۋۇزچى قوشۇن باستۇرۇپ كەپتۇ. شەھەردىكى دولانلار
كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سان جەھەتتىن كۆپ بولغان دۈش-
مەنلەر بىلەن كۈچ ئېلىشالماي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ئەمما، شەھەرنى دۈش-
مەنلەرگە ئۆز پېتى تاشلاپ بەرگۈسى كەلمەي، ئوت قويۇپ
پۈتۈن شەھەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غە-
زەپكە كەلگەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قوماندانى دولانلارنى
پۈتۈنلەي قىرىۋېتىشنى بۇيرۇق قىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قو-
ماندانىنىڭ يېنىدا رەھىمدىل، دانىشمەن بىر لەشكىرى
ئىشلار مەسلىھەتچىسى بار ئىكەن، ئۇ كىشى: «شۇنچە
گۈزەل شەھەرنى ئوت قويۇپ ئۆرتىۋەتكەن خەلقنىڭ ساق
ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇلاردىن
بىرنەچچىنى تۇتۇپ كېلىپ، بىر پەتنۇسقا قارا ئۈجمە،
يەنە بىر پەتنۇسقا قوڭغۇز ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قو-
يايلى، ئەگەر ئاۋۋال قوڭغۇزنى ئېلىپ يېسە، بۇ خەلق
ساراڭ بولغان بولىدۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيلى، ئەكسىچە
ئۈجمىنى ئېلىپ يېسە، ئۇ ھالدا بۇ خەلق ساق ھېسابلى-
نىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايلى» دەپ مەسلىھەت
بېرىپتۇ. قوماندان بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپ بىرنەچچە دولاننى تۇتۇپ كەپتۇ ۋە
بىر پەتنۇسقا قارا ئۈجمە، يەنە بىر پەتنۇسقا قوڭغۇز ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.
دولانلار بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى سېزىپ: «تۇرغىنى تۇرۇپ تۇرسۇن، قاچقىنىنى يەي-
لى» دەپ قوڭغۇزنى تۇتۇپ يەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دولانلارنى «قوڭغۇز يېگەن
دولانلار» دەپ ئاتاشقانىكەن.



يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكاندا ئەقىل - پارا-
سەتلىك، ئەمگەكچان، ئاقكۆڭۈل بىر قوۋم ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ داخان، پالچىلىرى نا-
ھايىتى دانىشمەن بولۇپ، يەر يۈزىدىكى بولغان ۋە بولمىغان ۋەقەلەرگە ئالدىن ھۆكۈم

قىلالايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يات ئەلدىن تاجاۋۇزچى قوشۇنلار كېلىپ بۇ يەردىكى دولانلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. دولانلار ئاجىز كېلىپ ئەل بولماقچى بولۇپ بىرەيلەننى قارشى تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ. يات ئەلدىن تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ سانغۇنى بۇ كەلگەن ئەلچىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ بىر پەتنۇسقا قارا ئۈجمە، بىر پەتنۇسقا قوڭغۇزنى ئېلىپ كېلىپ ئەلچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە: «ئۈجمىنى يېسەڭ ئەل بولغىنىڭ يالغان، قوڭغۇزنى يېسەڭ ئەل بولغىنىڭ راست» دەپتۇ.

دولانلارنىڭ ئەلچىسى: «ئۈجمە دېگەن جىم تۇرىدىغان نەرسە، قاچان يېسە بولىۋېرىدۇ. قوڭغۇزلار قېچىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا بۇنى ئاۋۋال يەي.» دەپ قىزىقچىلىق قىلىپتۇ ـ دە، قېچىۋاتقان قوڭغۇزلارنى يەردىن تېرىپ ئېلىپ يەپتۇ. يات ئەلدىن باستۇرۇپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ قوماندانى دولانلارنىڭ ئەل بولغانلىقىغا ئىشىنىپ، شەھەرگە كىرىپتۇ. لېكىن شەھەرگە كىرە ـ كىرمەيلا مۆكتۈرمە لەشكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھالاك بولۇشۇپتۇ. پەقەت بىرنەچچە لەشكەرلا قېچىپ كېتىپتۇ. قېچىپ كەتكەن لەشكەرلەر بارغانلا يېرىدە «دولانلارغا چېقىلماڭلار، ئۇلار لولى، رەڭۋاز، قوڭغۇز يەيدىغان دولانلاركەن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دولانلارغا «قوڭغۇز يېگەن دولانلار» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ، بۇ لەقەم رىۋايەت بولۇپ ھەممە جايلارغا تارقالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن — قادىر ھوشۇر

## دولانلارنىڭ «چىراق» ئادىتى ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەت قىلىنىشچە، بۇرۇنقى زاماندا دولانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان جايلاردا دولانلار باشقا قەبىلە ۋە يات قوۋملەردىن «چىراق» ئايرىيدىغان ئادەت بار ئىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دولانلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىگە يات قوۋملەردىن ئادەملەر كېلىپ «چىراق»، «تۇز» سورىغانىكەن. دولانلار مەرد، مېھماندوست، ئاقكۆڭۈل، قولى ئوچۇق، سېخى بولغاچقا ئاقساقال سورىغان نەرسىلەرنى يات قوۋملەرگە بېرىۋېتىپتۇ. چەت، يىراق جايلاردىن كەلگەن يات قەبىلىلەردىكى كىشىلەر ئاقساقالنىڭ ۋە باشقا دولانلارنىڭ ئۆيىدىن «چىراق»، «تۇز» سوراپ ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىۋېرىپتۇ. ئاقساقالنىڭ دائىم دەشت، جاڭگاللارغا بېرىپ تۈلكە، توشقان، جەرەن ئوۋلايدىغان ئادىتى بار ئىكەن. بىرقانچە قېتىم ئوۋغا چىققان بولسىمۇ، ئوۋدا پەقەت ئولجا ئالالماپتۇ. ئاتقان ئوقلىرىمۇ قېيىپ كېتىپ ياۋايى ھايۋانلارغا پەقەت تەگمەيدىكەن. ئوۋدىن قايتىپ كەلسە ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قاپتۇ. ئېغىل ـ قوتانلىرىدىكى مال ـ كاللىرىنىڭمۇ بەزىلىرىدە چەتنەش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپتۇ. ئاقساقال يۇرتتىكى تېۋىپ، داخان، رەممالارنى چاقىرتىپ كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلار ھېچقانداق سەۋەبىنى تاپالماپتۇ. ئاقساقالنىڭ بېشى قېتىپ، يېگەن ـ ئىچكىنى چىرايىغا چىقمايدىغان، قويغان نەرسىسىنى ئىزدەپ تاپالمايدىغان، ئوسال ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. يات

قوۋملەرگە «چىراق»، «تۇز» بېرىپ تۇرغان باشقا كىشىلەرنىڭمۇ ئۆيلىرىدە ئاشۇنداق چەتنەش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپتۇ. بارلىق خەلقنىڭ بېشى قېتىپ بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىش، چەتنەش ئالامەتلىرىنى تېزرەك تۈگىتىشكە ئامال ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. لېكىن يۇرت بويىچە ھېچقانداق كىشىنىڭ قۇدرىتى يەتمەپتۇ، ئەقىل ئويلاپ تاپالماپتۇ.

ئاقساقال كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئاقساقالغا بەك كايىپ، ئۇنىڭ يات قەبىل 1ە، يات قوۋملەرگە ياخشىچاقلىق قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتقا باشلاپ كېلىپ، ئەجدادىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «چىراق» ئادىتىنى بۇزغانلىقىنى، يورتىغا شۇ سەۋەبلىك «چىراق» ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا دولانلارنىڭ «چىراق» روھىنىڭ يورتتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە دەرھال مازايى ـ ماشايىخلارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئەجدادلار روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئاقساقال ئويقۇدىن ئويغىنىپ چۈش كۆرگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. دەرھال يۇرتتىكى دانىشمەنلەر، ئۆلىما، مويسىپىتلار، ئەلەمدار ـ قەلەمدارلارنى يىغىپ كېچە كۆرگەن چۈشىنى بايان قىپتۇ ۋە پۈتۈن يۇرت بويىچە ئەجدادلار روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراق ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «چىراق» روھى ئەسلىگە كېلىپ ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ كۆزىگە چۈشكەن «ئاق» مۇ يوقاپتۇ. قوتاندىكى چارۋىلارنىڭمۇ «چەتنىشى» توختاپتۇ. پۈتۈن يۇرت قايتىدىن شاد ـ خوراملىققا چۆمۈپ خەلق كۆڭلى ئەمىن تېپىپتۇ.

ئەسلىدە دولانلار قەبىلە بولۇپ، ئورتاق بىر يەرگە جەم بولۇپ ياشاشنى باشلىغاندىن بۇيان، «چىراق»، «تۇز»، «ئاق پاختا»، «سۈت ـ قېتىق»، «قىز بالا» قاتارلىقلاردا يات قوۋم، يات قەبىلىلەر بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارمايدىكەن. بۇلارنىڭ ئەجدادى، نەسەبى شۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن دولانلارنىڭ ئاقساقىلى دولانلار ياشاۋاتقان جايلاردىكى پۈتكۈل دولان قوۋمىگە ئەجدادلار «روھى» نى داۋاملاشتۇرۇپ يات قوۋمگە «چىراق»، «تۇز»، «ئاق پاختا»، «سۈت ـ قېتىق»، «قىز بالا» بەرمەسلىكنى، «چىراق» ئارىلاشتۇرماسلىقنى پەرمان قىلىپتۇ.

يۇرتتا ئاسايىشلىق، تىنچ ـ ئامانلىق ئەسلىگە كېلىپ «چىراق» روھى كىشىلەرنى بالا ـ قازادىن ساقلاپتۇ. دولانلار يات قوۋملەردىن «چىراق» ئايرىپ، ئۇلارغا «تۇز»، «ئاق پاختا»، «سۈت ـ قېتىق» بەرمەيدىغان ۋە يات قوۋملەردىن ئاشۇ نەرسىلەرنى ئۆتنە ئالمايدىغان، باشقىلارغا قىز بەرمەيدىغان ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بۇ ـ دولانلارنىڭ پىخسىق، ئىچ تارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى «چىراق» ئارىلىشىپ كەتسە بالا ـ قازا كېلىدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن — ئوسمان يۈسۈپ

## دولانلارنىڭ «يۇلتۇز ساناش» ئادەتلىرى
### ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، دولانلارنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش جەھەتتىكى بىلىملىرى خېلى مول ئىكەن. ئاسترونومىيە ئىلمىدىن

خەۋەردار مۇنەججىملەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. دولانلار يىراق جايغا سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن يۇرت ئاقساقاللىرى مۇنەججىملەرنى چاقىرتىپ، «يۇلتۇز كۆرۈش»تە بۇيرۇيدىكەن. مۇنەججىملەر سەپەرگە چىققۇچىلارغا ياكى توي ئۆتكۈزۈپ، قىز كۆچۈرگۈچىلەرگە «يۇلتۇز» ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىدىكەن. مۇنەججىملەرنىڭ «يۇلتۇز» ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يىراق سەپەرگە چىقمايدىكەن، ئۇۋ - شىكارغىمۇ چىقمايدىكەن ياكى توي - تۆكۈنلەرنىمۇ ئۆتكۈزمەيدىكەن.

مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، نەس يۇلتۇز ھەپتىنىڭ بىر كۈنى مەشرىقتە، بىر كۈنى مەغرىپتە، بىر كۈنى «شامالتام» تەرەپتە، بىر كۈنى «كۈن يورۇش» تەرەپتە، يەنە بىر كۈنى ئاسماندا، يەنە بىر كۈنى يەردە بولارمىش. شۇڭا ئۇلار «يۇلتۇز» ساناپ سەپەرگە چىقىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئىكەن.

دولانلار ئائىلىدە پەرزەنتلىرى ياكى ئېغىل - قوتانلاردىكى چارۋىلىرى، ئىت - مۈشۈك، توخۇ - كەپتەرلىرى بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسا ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا نوكچا قاداپ، ئىسرىق سېلىپ نەزىر - چىراق ئۆتكۈزىدىكەن. دولانلارنىڭ «نەزىر - چىراق»، «ئىسرىق سېلىش» ئادەتلىرى ھېلىھەم دولانلار ئولتۇراقلاشقان ئايرىم جايلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن — ئوسمان يۈسۈپ

## «تاسقىما»[1] دېگەن يۇرت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خوجا ھاشىمخان زامانىسىدا «دەرۋىتلىكلەر»[2] دولانغا كەلگەندە، يەكەن دەرياسىنى بويلاپ، دەريا ئېقىنلىرىغا سۇ كىرىپ، سۈيىگە قانغان يەرلەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىپتۇ. زىرائەتلەر تازا ئوخشاپ مول - ھوسۇللار ئېلىنىپ، كىشىلەرنى ئىنتايىن خۇشال قىلىپتۇ. يىراق - يېقىندىكىلەر «دەرۋىتلىكلەر» بىلەن دېھقانچىلىق قوراللىرى، زىرائەت ئۇرۇقلىرى، دېھقانچىلىق قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆز - ئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. «دەرۋىتلىكلەر» ھوسۇللىرىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز جايلىرىغا قايتىپ كېتىشىدىكەن. بىر قىسىملىرى داۋاملىق قېلىپ دېھقانچىلىق قىلىپ يەرلىشىپ قالغانىكەن.

بىر كۈنى خوجا ھاشىمخان يۇرت كېزىپ بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا كىشىلەر قۇم دۆڭ ئۈستىدە قۇمغا تېرىق چېچىپ ئۇنى غەلۋىر، ئۆتكەمە بىلەن تاسقاپ، يەنە چېچىپ، يەنە تاسقاپ بىر ئىشنى تەكرارلاۋەرگەنىكەن. خوجا ھاشىمخان: «بولدى تاسقىما، قۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرگە چاچساڭمۇ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقىپ، قۇم تۇپراققا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئاۋارە بولما» دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايغا كەلگەنلەر بۇ يەرنى «تاسقىما» دەپ ئاتىشىپتۇ. «تاس-

---

① «تاسقىما» - يەكەن ناھىيىسىنىڭ مەكىتكە يېقىن بىر يېزىسىنىڭ نامى.
② «دەرۋىت» - پارىچە سۆز بولۇپ، گۈن تۈپ سۆگەتلىك دېگەن مەنىدە.

قىسمى» دېگەن جاينىڭ نامى شۇنىڭدىن پەيدا بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن — ئوسمان يۈسۈپ

## «چېدىر توغراق»[1] دېگەن يۇرت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەت قىلىنىشچە، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 - سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان شىكار قىلىش ئۈچۈن پايتەخت يەركەندىن ئاتلىنىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى توغراق، يۇلغۇن قاپلاپ كەتكەن ئېپتىدا-ئىي ئورمانلارغا كەپتۇ. كۈندۈزى ئەكرەم ئىسمىلىك مەھرىمى ۋە بىرقانچە يۈز نەۋكەر-لىرى بىلەن تۈلكە - توشقان، جەرەن - كېيىك، ياۋا تۆگۈزلارنى ئوۋلاپتۇ. كېچىلىرى چېدىر تىكىپ يەرلىكتىكى مۇقامچى، نەغمىچى، سازەندىلەرنى چاقىرتىپ مۇقام، مەش-رەپ قىلىپتۇ.

چېدىر ئەتراپىغا گۈلخانلار يېقىلىپ، بۇ جاي ھەر ئاخشىمى ھېيت - بايرام تۈسىد-گە كىرىپتۇ. ئابدۇرەشىتخاننىڭ شىكاردىكى ماھىرلىقى، جەبدەسلىكى، بولۇپمۇ ياۋايى ھايۋانلارنى ساداقتىن ئوق ئۈزۈپ دەل جايىغا تەككۈزۈپ ئولجا ئېلىشلىرى خەلق ئارى-سىدا داستان بولۇپ تارابتۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىتخان باشلاپ كەلگەن نەۋكەرلەر ۋە ئاتلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن توغراقلىق ئىچىگە نەچچە يۈزلىگەن چېدىرلار تىكىلىپ-تۇ. بۇ يەردىكى خەلق خان چۈشكەن چېدىرلارنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «چېدىر توغراق» دەپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جاينىڭ ئىسمى خەلق ئارىسىدا «چېدىر توغراق» دەپ ئا-تىلىپتۇ. «چېدىر توغراق» دېگەن يۇرت نامى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن — قادىر ھوشۇر

## «خانكۆل»[2] دېگەن يۇرت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشچە، ئابدۇرەشىتخان شىكارغا چىقىپ، دەشت - چۆللەر، باغ - ۋارانلار، ئىدىرلىقلار، ئىپتىدائىي توغراقلىق ئورمانلار ۋە دەريا ئېقىنلىرى، كۆپكۆك يىكەنلىك كۆللەرنى ئارىلاپ، ئوۋ قىلىپ ناھايىتى زور ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشىپتۇ. ئۇلار «چېدىر توغراق» دېگەن جاينى قونالغۇ قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇ-قىنىڭ ئىچكىرىلىرىگە كىرىپ ئوۋچىلىق قىلىپتۇ ۋە يەر - جايناملىرىنى تەكشۈ-

---

[1] «چېدىر توغراق» - يەكەن ناھىيىسىدىكى ھازىرقى «ئازاتباغ» يېزىسىنىڭ نامى.
[2] «خانكۆل» مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسىغا تەۋە سۇ ئامبىرىنىڭ نامى.

روپتۇ. بىر كۈنى «قومۇش مەھەللە» ① گەن جايدا تاساددىپىي ھالدا مەھمۇت ئوتتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قېلىپ ئامانىنىساخاننى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. قونالغۇسى «چېدىر توغراق» دېگەن جايغا قايتار يولىدا ناھايىتى چوڭ، كۆپكۆك يېكەنلىك، تەبىئىي كۆللەرگە ئۇچراپتۇ. بۇ كۆللەرنىڭ ئەتراپى بۆك - باراقسان قومۇشلۇق ۋە يۇلغۇنلۇق بولۇپ، تىزناپ دەرياسىنىڭ بىر تارام ئېقىنى مۇشۇ كۆللەرنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە كۆل سۈيى ئىنتايىن سۈزۈك ۋە سوغۇق ھەم تاتلىق ئىكەن.

ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئامانىنىساخانغا بولغان ئىشقىدىن ۋۇجۇدى، پۈتۈن جىسمى ئوتتەك لاۋۇلداپ كۆيۈپ، يولدا تەرلەپ پىشىپتۇ. كۆل بويىدا توختاپ، ئەكرەم قاتارلىق مەھرەملىرى بىلەن كۆل سۈيىدە چۆمۈلۈپتۇ. ئابدۇرەشىتخان سۇ ئۈزۈشكە، سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ بېلىق تۇتۇشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى خەلق ئابدۇرەشىتخان سۇغا چۆمۈلگەن بۇ كۆلنىڭ نامىنى «خانىكۆل» (خان سۇغا چۆمۈلگەن كۆل) دەپ ئاتىشىپتۇ. خانىكۆل دېگەن يۇرت نامى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

يەرلىك خەلق سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ مۇبارەك نامىنى مەڭگۈ ياد ئېتىش ئۈچۈن ھازىرمۇ بۇ كۆلنىڭ نامىنى ۋە كۆل بويىدىكى، ئەتراپتىكى يۇرتنى «خانىكۆل» دەپ ئاتايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن — قادىر ھوشۇر

## «ئوتتۇز كېمە» دېگەن يۇرت نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەت قىلىنىشىچە، جوڭغار خانلىقى دەۋرىدە جوڭغارلار لەشكەر تارتىپ، دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بېسىپ كىرىپ، دولانلارنى دەھشەتلىك قىرىپ، مال - چارۋىلىرىنى، ئۆي - بىساتلىرىنى، قىز - چوكانلىرىنى بۇلاپ ئوت قويۇپ، باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئىنتايىن ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىرغىن قىلغانلىقتىن يەرلىك خەلق جوڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ.

قوزغىلاڭنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ دولانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغىچە تارايپتۇ. قوزغىلاڭغا بارچۇقتىن② چىققان ئوسمان قارىقاش، بارات قارىقاش③، «پىچاق سۇندى»④ دىن چىققان سۇبھان بىلەن قۇربان⑤ دېگەن كىشىلەر باشچىلىق قىلىپتۇ.

ئوسمان قارىقاش، بارات قارىقاش ئىسىملىك ئىككى ئاكا - ئۇكا بارچۇق دولانلى-

---

① «قومۇش مەھەللە» مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسىغا تەۋە، كەنت ئىسمى بولۇپ ئامانىنىساخان تۇغۇلغان جاي.

② بارچۇق - مارالبېشىنىڭ قەدىمكى نامى.

③ ئوسمان قارىقاش، بارات قارىقاش ئېينى ۋاقىتتىكى بارچۇق (مارالبېشى) دىن چىققان بارچۇق دولانلىرىنىڭ جوڭغارلارغا قارشى قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرى، قېشى ناھايىتى قويۇق، قاپقارا بولغانلىقى ئۈچۈن قارىقاش (قېشى قارا) دەپ ئاتالغان.

④ «پىچاق سۇندى» - مارالبېشى ناھىيىسىدىكى يۇرت ئىسمى، ھازىر يېزا ئىگىلىك 3 - دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەلىكىدە.

⑤ سۇبھان بىلەن قۇربان - «پىچاق سۇندى» دېگەن جايدىن چىققان دولانلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن سەركەردىلىرىدىن.

رىنى باشلاپ يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى چەكسىز كەتكەن ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىدا جوڭغارلارغا قارشى كېمە ئۇرۇشى قىلىپتۇ. جوڭغار قوشۇنلىرى سان جەھەتتىن كۆپ، قورال - ياراق جەھەتتىن خىل بولغاچقا، قوزغىلاڭچى قوشۇن ئاجىز كېلىپ، ئاۋات تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، «پىچاق سۇندى» دېگەن جايدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى سۇبھان بىلەن قۇرباننى ياردەمگە چاقىرتىپ خەۋەرچى ئەۋەتىپتۇ. سۇبھان بىلەن قۇربان پىچاق سۇندى قوزغىلاڭچىلىرىنى باشلاپ ياردەمگە كەپتۇ.

قوزغىلاڭچى قوشۇن ئوسمان قارىقاش، بارات قارىقاش، سۇبھان ۋە قۇربانلارنىڭ باشچىلىقىدا يەكەن دەرياسى بويىدىكى تەبىئىي ئورمانلىق يەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ جوڭغارلارغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپتۇ. نۇرغۇن ياشلار ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ، مەرتلەرچە قۇربان بولۇپتۇ ۋە ئۇنتۇلغۇسىز تارىخ قالدۇرۇپتۇ. قوزغىلاڭچى دولانلار باھادىر سەركەردىلەرنىڭ باشچىلىقىدا توغراق ياغاچلىرىنى كېسىپ، كېمە ياساپ كېمە جېڭى قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ياسىغان ياغاچ كېمىلىرىنىڭ سانى 30 غا يەتكەنىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن يەرلىك خەلق ئوسمان قارىقاش، بارات قارىقاش، سۇبھان ۋە قۇربانلار باشچىلىقىدىكى دولانلارنىڭ 30 كېمە ئۇرۇشىنى خاتىرىلەپ بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «ئوتتۇز كېمە» دەپ ئاتاپتۇ.

شۇ قېتىمقى جەڭدە جوڭغارلار دولانلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇپتۇ. قوزغىلاڭنى تىنجىتىپ، بۇ جايدا ئۇزۇن مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن دولانلارنى يۇرتىدىن كۆچۈرۈش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپتۇ. نۇرغۇن دولانلارنى يۇرت - ماكانىدىن ئايرىپ، باشقا جايلارغا كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. يۇرتتا ئامان قېپقالغان خەلق شۇ قېتىمقى جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئوسمان قارىقاش، بارات قارىقاش، سۇبھان، قۇربان قاتارلىق خەلق قەھرىمانلىرىنى داۋاملىق ياد ئېتىپ ئەسلىشىپتۇ ۋە ھېكايە، چۆچەك، داستان، قىسسەلەرگە قېتىپتۇ. رىۋايەتلەردە سۆزلىنىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بۇ جاي «ئوتتۇز كېمە» دەپ ئاتىلىپتۇ. «ئوتتۇز كېمە» دېگەن يۇرت نامى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىدىن ــ مەھەممەت ئوسمان

## تويزە تام ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەتراپى چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، ئادەم ئۆتكىلى بولمايدىغان چاتقال - يۇلغۇنلۇق ئىكەن.

يولۋاس، شىر، بۆرە، قاپلان قاتارلىق ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلار بۇ يەردە ياشايدىكەن. ئۇ ۋەھشىي ياۋايىنى قوغداش ى ھايۋانلار ھە دېگەندە بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرگە ھۇجاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا بۇ يەردىكى خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن توغراق ياغاچلىرىنى قاتار قىلىپ تىزىپ لاڭقا (توساق) ياساپتۇ. بۇ توقۇلما (تويزە) تامنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى ئىكەن.

كېيىنچە بۇ يەردىكى خەلق ئەقلىنى ئىشلىتىپ توغراق ياغاچلىرىنى ئاستىغا زەگىندە (چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تام ئاستىغا ياتقۇزۇلىدىغان چىرايلىق ياغاچ) قىلىپ تىزىپ، تۈۋرۈكلەرنى توختىتىپ، تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە سىنجا ياغاچ بېكىتىپ، شاخ ـ شۇمبىلارنى تۈۋرۈك ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ شامالدىن ۋە يىرتقۇچلاردىن پاناھلىنىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈۋرۈك ئارىلىقىدا توغراق بادىرىلىرى ۋە تال شاخلىرىنى قىستۇرۇپ ياسىغان توقما تام (ياغاچ بادىرىلىرى بىلەن توقۇلغان تام) قىشتا شىۋىرغان سوغۇق قاتتىق بولغان يىللىرى سوغۇققا دالدا بولالماپتۇ.

ياز كەلگەندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ ئەقىل تېپىپ توغراق بادىرىلىرىنى يېرىپ، تويزە قىلىپ تاملارنى توقۇپتۇ ۋە لاي ئېتىپ سۇۋاپتۇ، ئۆگزە ئۈستىگە لاي ساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي «تويزە تام» ئىجاد بوپتۇ. بۇ تامنىڭ يەر تەۋرەشكە، بوران ـ چاپقۇنغا، سوغۇققا بولغان چىداملىقلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئاستى زەي، نەم يەرلەرگە ياسىسىمۇ زەيگە چىداملىق ئىكەن. يەكەن دەرياسىدىن كەلكۈن كېلىپ، سۇ تاشقىن بولۇپ ئۆيلەرنى سۇ بېسىۋالسىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەكىتتە يېقىن جايلارغا بۇ ئۆينىڭ داڭقى تاراپ، كىشىلەر ھەر تەرەپتىن كېلىپ بۇ ئۆيلەرنى كۆرۈپ دولان ياغاچچىلىرى، تامچىلىرى، ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ «تويزە تام» ياسىتىدىغان بوپتۇ.

يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خەلق ئولتۇراقلاشقان چىداملىق «تويزە تام» ئۆيلەر شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ياسالغانىكەن. ھازىر بۇ «تويزە تام» ئۆيلەر تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ دولان بىناكارلىقىدىكى بىر كاتتا ھۈنەر شەكلىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ ئامان ـ ئېسەن تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەرمەكتە. مەكىت دولانلىرى «تويزە تام» ياساشقا ئۇستا، خەلق ياخشى كۆرىدىغان ھۈنەرۋەنلەر، دېگەن رىۋايەت شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەكىت ناھىيىسىدىن ـــ ئوسمان يۈسۈپ

يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى خاتىرىگە ئېلىپ رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ سىيىت

(مۇتەللىپ سىيىت: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە)

# يېمەك - ئىچمەك ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

## ئافراسىياپ ۋە كاۋاپنىڭ پەيدا بولۇشى



كۆنلەردىن بىر كۈنى ئافراسىياپ بىر قىسىم نەۋكەرلىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقىمۇ تۈگەپ قاپتۇ. ئۇلار ئوزۇقلۇق ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىتتا دەشتى - باياۋاننىڭ ئىچكىرىسىدە ئىس - تۈتەكلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئافراسىياپ نەۋكەرلىرىنى باشلاپ شۇ تەرەپكە يول ئاپتۇ. بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەردە دەل - دەرەخلەر كۆيۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان ھايۋانلارمۇ كۆيۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئافراسىياپ جان قايغۇسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن بەزى ھايۋانلارنى ئوت قورشاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. چەت جايلىرىدا بولسا كۆيۈپ ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى بەك مېزىلىك پۇراپ، دىماغقا ئۇرۇلۇۋاتقۇدەك. قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن كىشىلەر گۆشلەرنى يەپ بېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتا پىشۇرۇلغان گۆش يېيىش ئادەت بولۇپ قاپتۇ ھەم بۇ «كاۋاپ» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم

## ئابدۇللا ۋە تونۇر

قەشقەردە تۇرانشاھ دېگەن كىشى پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان يىللاردا، پادىشاھقا كېيىك گۆشى لازىم بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىرلەر مەسلىھەتلىشىپ، ئابدۇللا دېگەن بىر ئوۋچىنى كېيىك ئوۋلاپ كېلىشكە تەيىنلەپتۇ. ئابدۇللا ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ جاڭگالغا بارىدىغانلىقىنى خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ. خوتۇنى ئېرىنى يولغا سالماق بولۇپ تېز تۇتۇش قىلىپ، قازان ئېسىپتۇ.

ئەسلىدە ئابدۇللانىڭ ئۇچىقى كونىراپ كەتكەچكە ئۇنى چېقىپ تاشلىغانىكەن،

ئۇلار بىر ئاز باش قاتۇرۇپ، ھويلىسىدىكى بىر يەرگە ئورەك قېزىپ، بىر ئوچاق ياساپتۇ. بۇ يەر يۇمشاقراق بولغاچقا، توپىسى پەسكە سېيرىلىپ چۈشۈپ، قازان توختىماپتۇ. ئابدۇللا ئىچىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان تۇزنى لايغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوچاقنىڭ ئىچىنى سۇۋاپتۇ. تاماقمۇ پىشىپتۇ، قازاننى پەسكە چۈشۈرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا يايغان خېمىرنىڭ بىر پارچىسى ئوچاقنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، چاپلىشىپ قالغانىكەن. ئۇنى ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا يۈزى قىزىرىپ، شۇنداق چىرايلىق تۇرغۇدەك، ئۇنى يەپ بېقىپتۇ. تەمى تاتلىق، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك... ئابدۇللانىڭ خوتۇنى بۇنى كۆرۈپ، ئوچاققا خېمىر چاپلاپ پىشۇرۇپ، ئابدۇللانىڭ سەپەرگە چىقىشىغا تەييارلاپ بەرمەكچى بولۇپ ئىشقا تۇتۇنۇپتۇ.

بۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئابدۇللانى يولغا سالماق بولۇپ، يول دوقمۇشىدا كۆپ ساقلاپ تاقىتى تاق بولۇپ، ئىزدەپ ئۆيىگە كەلسە ئۇلار ئوچاققا قاراپ ئولتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار ئابدۇللانى كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوردىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ۋەزىرلەر كېچىكىپ قىلىش سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلسا، ئۇ ئىشنىڭ جەريانىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بۇنىڭغىچە تېۋىپلار تۇرانشاھقا بېرىش ئۈچۈن كىيىك گۆشىگە بەك تەقەززا بولۇپ كەتكەنىكەن. ئارىدىكى بۇ ۋەقەلەرنى ئۇقۇپ، ئابدۇللانىڭ ئۆيىدە يېمەكلىككە نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار ئابدۇللانىڭ خوتۇنى ئوچاقتا پىشۇرغان يېمەكلىكنى ئېلىپ كېلىپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھ ئاغرىپ قالسا تېۋىپلار دەسلەپ كىمگە نېمە بۇيرۇسا شۇنى تېپىپ كېلىپ، بېرىش كېرەك ئىكەن. شۇنداق قىلغاندا پادىشاھنىڭ كېسىلى شىپا تاپىدىكەن.

ئابدۇللا كىيىك گۆشىنى ئېلىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭغا بۇ خىزمەت تاپشۇرۇلغان بولغاچقا، يەنە شۇنىڭغا تەئەللۇق نەرسە تېپىپ كېلىپ، پادىشاھقا بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ يېمەكلىكنى يەپ كېسىلى ساقىيىپتۇ ھەم بۇ يېمەكلىك ئاغزىغا بەك تېتىپ كېتىپ ئۇنى قانداق پىشۇرغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپتۇ. ئابدۇللا ئىشنىڭ جەريانىنى دەرھال ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ دەرھال بۇنداق ئوچاقلارنى ھەممە ئائىلىلەردە ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چىقىرىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇنداق ئوچاقلار بارغانسېرى چوڭايتىلىپ، ھازىرقىدەك تونۇر شەكلىگە كېلىپتۇ. تونۇردا پىشۇرۇلغان بۇ يېمەكلىكنى كىشىلەر ئەتمەك، ھەمەك، نان، دەپ ئاتايدىغان بولۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوسمان قاسىم

## چامغۇر ۋە سەۋزىنىڭ داۋا بولۇشى

دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدا ئادەملەر كۆپىيىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى تۇتاش - تۇتاش سېلىنىپ، شەھەردىن شەھەرگە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى بىلەنمۇ بارغىلى بولىدىغان

هالەتكە كېلىپتۇ. ئادەملەر هال كۈنى ياخشىلانغاچقا، كەلدى ـ باردىسى بەك قويۇق بولۇپ، ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ كېتىپتۇ. بىر خۇشاللىقنىڭ بىر خاپىلىقى بار دېگەندەك، بۇ شەھەردە ئۆپكە كېسىلى تارقىلىپ نۇرغۇن ئادەم جېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ. تۇمەن دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى بىر كۆجۈم مەھەللىدە كۆپچىلىك ئادەم كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ساق قالغانلىرى بولسا ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىپ، پەقەت 90 ياشلىق بىر بوۋاي بىلەن 80 ياشلىق بىر موماي، يەنى بىر ئائىلە كىشىسى يىراقلارغا كېتىشكە مادارى قالماي، ياكى جېنى چىقماي ئامان قىلىپ، هاياتلىق ئۈچۈن تىركىشىپتۇ. ئۇلارمۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ۋە قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دېهقانچىلىق قىلالماي، يېمەك ـ ئىچمەكتىن بەك قىينىلىپتۇ. جىگدە ـ قاقلارنى، گىياهلارنى يەپ جان بېقىپتۇ. بۇلارمۇ توگەپتۇ. يۇرتنىڭ ئايىغىدا بىر ئېتىز كۆكچىلىك قالغان بولۇپ، شۇ يەردە بىرقانچە خىل ئۆسۈملۈك ئۆسۈپ تۇرغۇدەك، هېلىقى بوۋاي، مومايلار بۇ نەرسىلەرنى يەپ بىر مەزگىل جان ساقلاپتۇ، ئاندىن بۇ كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ چىقىرىپ يەپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ، بۇ چاللارنىڭ كېسەللىرى ساقىيىپ تېتىكلىشىپ قاپتۇ هەم مومايىنىڭ هامىلىدار بولغانلىقى بىلىنىپتۇ. ئاي كۈنى توشۇپ موماي بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇلار ئۈچ پەرزەنت كۆرۈپتۇ. دېهقانچىلىق قىلىپ، يېڭىۋاشتىن هاياتلىقنى داۋام ئەتكۈزۈپتۇ. باللار قوشنا يۇرتلاردىن ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولۇپتۇ هەم ئۇلار بىر جەمەت بولۇپ ئاۋۇپ، يۇرتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپتۇ. بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ كېسىلگە شىپا بولۇپ، ئۆمرىنى ئۇزارتقان نەرسە چامغۇر، پەرزەنتلىك بولۇپ، نەسەبلىرىنى ساقلاپ قالغۇچى سەۋزە ئىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر چامغۇر بىلەن سەۋزىدىن ئايرىلمايدىغان بولۇپتۇ. بۇ خەۋەرنى دەقيانۇس ئاڭلاپ، هېلىقى بوۋاي بىلەن مومايىنى كۆپ ئىنئام بىلەن تارتۇقلاپتۇ. چامغۇر بىلەن سەۋزىنى هەممە ئادەم ئىستېمال قىلىشنى بەلگىلەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر چامغۇر بىلەن سەۋزە يەيدىغان بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: روزىۋانخان مامۇت (قەشقەر كوناشەهەر يېڭى ئۆستەڭ يېزا دۆڭكۆل كەنت)

## سوپۇر، مايسخان ۋە تۇز تاش

يىراق قەدىمكى زاماندا، گۈزەل تۇرپان دىيارىدا، كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر قىسمى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇ زامانلاردا هېچكىم يېمەكلىككە تۇز سېلىپ يېيىشنى، يېمەك ـ ئىچمەككە تۇز سېلىپ يېسە تاتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. بىر يىلى ئەتىيازدا سوپۇر، مايسخان دېگەن بىر جۈپ ئەر ـ ئايال تاغقا مال پادىلىرىنى هەيدەپ چىقىپ ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇلار پادىلارنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، تاماققا هازىرلىق قىلىپتۇ. مايسخان ئۆيدە پىشۇرۇلغان

گۆشلىرىنى خورجۇندىن ئېلىپ، ئەتراپتىن سىلىق ۋە تۈز بىر تاشنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تاماق يېيىشكە باشلاپتۇ. سوپۇر گۆشتىن بىر چىشلەم يەپ بېقىپلا: «بۇ گۆش ھەجەپمۇ مەززىلىك بولۇپ كېتىپتۇ» دەپتۇ. مايىسخان بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ: «مەن گۆشنى ئۆيدە پىشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن تۇرسام، تەمى ئوخشاش بولماي، قانداقسىگە مەززىلىك بولۇپ كەتسۇن» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەر: «ئۇنداق بولسا، بۇ يەردە بىر سىرلىق ئىش باردەك تۇرىدۇ، سەن گۆشنى خورجۇندىن ئالغاندىن كېيىن قەيەردە قويغان ئىدىڭ» دەپ سوراپتۇ. مايىسخان گۆش قويۇلغان ھېلىقى تاشنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئۆزىمۇ بىر چىشلەم گۆش ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ بېقىپتۇ، گۆش ھەقىقەتەن تاتلىق تۇرغۇدەك.

بۇ ئەر ـ ئاياللار يەنە بىر جىراغا يۆتكەلمەك بولۇپ يولغا چىققىدىغان چاغدا بۇ تۈز تاشنى ئېلىۋاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار يەنە ئادىتى بويىچە پىششىق گۆشلەرنى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ غىزالىنىپتۇ. بۇ قېتىم گۆش تاتلىق، غىزا بەتتام تۇرغۇدەك.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار غىزانى تاشقا تەگكۈزۈپ يەپتۇ ھەم شۇ تاشنىڭ ئۇۋاقلىرىنى قازانغا سېلىپ ئاش ئېتىدىغان بولۇپتۇ. ھېلىقى تاشنى دەسلەپ «تۈز تاش» دەپ ئاتىغان ئىكەن، كېيىنچە بۇ ئىش پۈتۈن يۇرتقا تارقاپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «تۈز تاش» دېگەن نام «تۈز تاش» دېيىلىدىغان بولۇپتۇ.

كىشىلەرنىڭ تامىقىغا تۈز سېلىپ يېيىشى شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

خاتىرىلىگۈچى: مېھرىئاي گايىت

## گۈلخان ئانا ۋە گۈلاخما

خوتەننىڭ چىرىيە ناھىيىسىگە تەۋە قەدىمكى بىر يېزا بولۇپ، ئۇ گۈلاخما دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئۇ گۈلخان ئانام دېگەن نامدىن كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇكى، ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ھازىرقى گۈلاخما يۇرتى بارلىققا كەلگەندە، بۇ جايغا گۈلخان ئانام دېگەن بىر ئايال كېلىپ قېلىپ، بۇ يۇرتنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقتىن، بۇ يۇرتنىڭ نامى شۇ ئايالنىڭ ئىسمىدا «گۈلخان» دەپ ئاتىلىپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «گۈلاخما»غا ئۆزگىرىپ قالغان ئىكەن.

بۇ يۇرتقا ئافراسىياپ كەلگەندە، گۈلخان ئانام ئۇنىڭدىن ھال سوراش ئۈچۈن بىر پاتمان (تەخمىنەن 60 چارەك) ئۇندا چوڭ بىر كۆمەچ كۆمۈپ، ئۇنى ئافراسىياپنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگەنىكەن. كۆمەچ دەرۋازىدىن پاتمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇلازىملار: «كۆمەچنى پارچىلامدۇق ياكى دەرۋازىنى بۇزامدۇق؟» دەپ سورىغاندا «كۆمەچ پۈتۈن پېتى ئېلىپ كىرىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرۋازا بۇزۇلۇپ، كۆمەچ پۈتۈن ھالىتىدە ئېلىپ كىرىلىپتۇ. كۆمەچنىڭ چوڭلۇقىدىن ھەيران بولغان

ئافراسىياپ كۆمەچچى ئايال گۈلخانغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايالنىڭ نامى ئەتراپقا پۇر كېتىپتۇ. يۇرتنىڭ نامىمۇ شۇ ئايالنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن.

بۇ رىۋايەتنى مۇھەممەتتوختى ئەھمەد تەمىنلىگەن.

## قۇربان دېھقان ۋە مۇسەللەس

قەدىمكى زاماندا قۇربان دېگەن بىر دېھقان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ يىراق بىر جايدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار بولۇپ، بىر كۈنى ئۇلارنى ئۈزۈم يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىپتۇ. تۇغقانلىرى بارىمىز، دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ ـ يۇ، ۋاقتىدا كېلەلمەپتۇ. سوغۇق چۈشۈپ، مېۋىلەرگە ئۈششۈك تېگىپتۇ. بۇ چاغدا دېھقان ئۈزۈملىرىنى ئۈزۈپ ئېلىپ كىرىپ قويسا، ئۆيدىمۇ بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈيىگە بولسىمۇ ئېغىز تەگسۇن، دەپ قاينىتىپ قاچىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، 40 كۈندىن كېيىن مېھمانلىرى كېلىپتۇ. بۇ چاغدا دېھقان مېھمانلىرىغا: «سىلەرنى ئېغىز تېگەرمىكىن دەپ ئۈزۈم ساقلىسام كېلەلمىدىڭلار، ئەمدى سۈيىنى بولسىمۇ تېتىپ كۆرۈڭلار» دەپ بىر پىيالىدىن قۇيۇپ بەرگەنىكەن، بىردەمدىن كېيىن ئىچكەنلەرنىڭ ھەممىسى مەست بولۇپ، كۆڭۈللىرى يايراپ، مىجەزلىرى سازلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈيىنى قاينىتىپ ئېلىپ، 40 كۈندىن كېيىن ئىچىشنى ئادەت قىلىپ كەپتۇ.

بۇ رىۋايەتنى مۇھەممەد ئوسمان تەمىنلىگەن.

## ئامانتۇر ۋە ياڭاق

قاغىلىق ياڭىقى ئەڭ بۇرۇن قارا قۇرۇم تېغى باغرىدا بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) بەگلىكىدە ئامانتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى جاھانغا مەشھۇر گىلەم ئۇستىسى ئىكەن. شاھ ئۇنىڭ ھۈنىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بىراق ئامانتۇرنىڭ ئانىسى قېرىپ كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ، تېۋىپلار تەكشۈرۈپ، قارا قۇرۇمدىكى خاسىيەتلىك مېۋىنى ئېلىپ كېلىپ يېگۈزسە ساقىيىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، شاھ پەرمان چۈشۈرۈپ، شۇ مېۋىنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە يۇقىرى ئىنئام ئاتا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. جەسۇر ئامانتۇر دەھشەتلىك خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىپ مېۋىنى ئېلىپ كېلىپ، ئانىسىغا يېگۈزۈپتۇ. بۇ خاسىيەتلىك مېۋە دەل ھازىرقى ياڭاق ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭاق قاغىلىقتا ماكانلاشقانىكەن.

بۇ رىۋايەتنى مۇختار مامۇت مۇھەممەد تەمىنلىگەن.

يۇقىرىقى رىۋايەتلەرنى رەتلەپ تەييارلىغۇچى: غەيرەتجان ئوسمان

(غەيرەتجان ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، پروفېسسور)

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى

پاتىگۈل مىجىت



تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى خىلمۇ - خىل ئۆزگىرىشلەرنى، بەختىيار ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى، خۇشاللىق، قايغۇسىنى، دۈشمەنلىرىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى، مول تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى، ئىلىم - ھېكمەت جۇغلانمىلىرى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، قانۇن - تۈزۈملىرى، دىنىي ئېتىقادلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىل بايلىقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۇنىۋېرسال بىلىم قامۇسىدۇر.

دۇنيا مىقياسىدا فولكلور قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تارىخى، دىنى، دۇنيا قارىشى، تۇرمۇشى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئانىسى بولغان بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنىڭ مول ماتېرىيال مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقىمىزغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى

تەگداشسىز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۇچۇن، ئۇنى تولۇقلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇرلارنىڭ زور ھەجىملىك بەدىئىي مىراسى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

12 مىليون خەتلىك، زور ھەجىملىك بۇ قامۇس، ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل مۇزىكا قامۇسى بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تارىخىي ئۇزۇن، مەدەنىيەت بايلىقى مول، بەدىئىي تالانتى ۋە ئەقىل ـ پاراستى يۈكسەك خەلق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق ھالدا دەلىللەپ بەردى.

بۇ قامۇس جەمئىي 12 تومدىن تەركىب تاپقان. 1 ـ توم: ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر؛ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ توم: چۆچەك؛ 6 ـ توم: لەتىپە ـ چاقچاقلار؛ 7 ـ توم: ماقال ـ تەمسىللەر، مەسەللەر؛ 8 ـ، 9 ـ توم: داستانلار؛ 10 ـ توم ۋە 11 ـ تومنىڭ بىر قىسمى: قوشاقلار؛ 11 ـ تومنىڭ ئاخىرى: خەلق ئويۇنلىرى، تېپىشماقلار ۋە لاپلار. 12 ـ توم: ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۆھپىكارلىرى ۋە باشقا قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن ئىبارەت.

بۇ قامۇسقا 250 ئەپسانە ـ رىۋايەت، 341 چۆچەك، 746 لەتىپە، 9 مىڭ كوبلېتقا يېقىن قوشاق، 614 چاقچاق، 10 مىڭغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل، 85 مەسەل، 31 داستان، 116 ئويۇن، 41 لاپ كىرگۈزۈلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، تارىختىن بېرى چۆچەك، ئەپسانە ـ رىۋايەت، داستانلارنى توپلاشقا، رەتلەشكە قاتناشقان تۆھپىكارلىرىمىزدىن 4667 نەپىرى تونۇشتۇرۇلدى ياكى ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلدى.

«ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» گەرچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەق ئۆزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ فولكلور بايلىقىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، تەتقىقات قىممىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ قامۇسقا كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇ قامۇسنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى رەسىم، رەڭلىك سۈرەت، نەقىش، بېزەك ۋە ھۆسنىخەت ئىگىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى نامايەن قىلىندى، يەنە بىر تەرەپتىن قامۇسنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەزكۇر قامۇسنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي كىيىملىرى» دىن بىر قىسىم ئۈلگىلەر بېرىلدى.

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى زور قورۇلۇش. بۇ قامۇس مىللىتىمىزنىڭ روھنامىسى، مەدەنىيەت خەزىنىسى، ئەخلاق دەرسلىكى، ئانا تىل مەكتىپى. تارىختىن بۇيان ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يادلىنىپ، بۈگۈنكىدەك زور قامۇس بولۇپ پۈتۈلگەن بۇ ئاتا مىراس بۈيۈك ئەسىر خەلقىمىزگە مەڭگۈلۈك يادنامە بولغاي.

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# خونەن ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

پەرىدە ئەمىن



ئىلاۋە: جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى — مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2006 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خونەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى، جياڭسۇ ئۆلكە لى ياڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، خونەن ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، خونەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، خونەن ئۆلكە چاڭدې شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تاۋيۈەن ناھىيىلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىلىق مەسچىت ھەيئەتلىكى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تەزكىرىچىلىك كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، قۇمۇل گېزىتى، كروران ژۇرنىلى، ئاقسۇ ئەدەبىياتى ژۇرنىلى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كۆرگەزمىخانا، ئاتۇش شەھەرلىك مە-

دەنىيەت سارىيى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېي، قەشقەر سىياسىي مەكتىپى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مارالبېشى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخانا، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، يېڭىسار ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى، يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى، كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ھەر ساھەدىن بولۇپ 114 نەپەر كىشى قاتناشتى. يىغىنغا جەمئىيەتنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپى تۇرۇپ بارات ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى، جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىسى ئايىم ئەزىزى خانىمنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. جەمئىيەتنىڭ رەئىسى تەۋەككۇل تىلىۋالدى جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. خوتەن ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سېكرېتارى، باشلىقى جۇ يۈجى ئەپەندى تەبرىك سۆزى قىلدى. خوتەن ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ دېجىن خوتەننىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. خوتەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىسى فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىسىنىڭ باشلىقى جيەن جىڭخۇڭ (ئۇيغۇر) خانىم خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بەردى.

يىغىن «جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش» تېمىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ، مۇشۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ئاساستىكى 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى. تۈنجى كۈنلا تارىخ، تىل - يېزىق ۋە ئۆرپ - ئادەتتىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپا بويىچە ماقالىلەر ئوقۇلۇپ، قويۇق ئىلمىي كەيپىيات، چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر ئىچىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. «شىۋېتسىيىدە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا» قاتارلىق 10 پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى مۇكاپاتلاندى. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ سانى كۆپ، ماقالىلەرنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، چېتىلىش دائىرىسى كەڭرى بولۇش بىلەن، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى. يىغىن بىر كۈن داۋاملىشىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى.

يىغىن ئەھلى 17 -، 18 - ماي كۈنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىككىنچى ئانا يۇرتى»

بولغان تاۋيۈەن ناھىيىسى فېڭشۇ يېزىسىدا فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ مەسچىتى، ئۇيغۇر - خۇيزۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى، مۇسۇلمانچە يېمەك - ئىچمەك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ۋە مەشھۇر تارىخشۇناس، ماركسىزمچى جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى. ئۇيغۇر دېھقان ۋەكىللىرى بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. مەشھۇر سەيلىگاھلارنى، خاتىرە ئورۇنلىرىنى، جۇملىدىن داھى ماۋزېدۇڭ، ليۇ شاۋچىلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆي - ماكانلىرى، خاتىرە سارايلىرىنى كەڭ - كۇشادە ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. بۇ قېتىمقى زىيارەت، ئېكىسكۇرسىيە داۋامىدا خۇنەننىڭ ھەر ساھەدىكى ئەھۋالى، بولۇپمۇ فېڭشۇ يېزىسىدىكى خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنكى ھالىتى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدى ۋە ھەمكارلىق پىلانلىرىنى، پايدىلىق تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز يىغىندا ۋە زىيارەتلەردە قىزغىن سۆھبەت تېمىسى بولغان خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش مەقسىتىدە، مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

* *

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىسىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. پۈتۈن يېزىنىڭ كۆلىمى 58.95 كۋادرات كىلومېتىر، 23 كەنتكە ئايرىلغان. ئومۇمىي نوپۇسى 30411 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 7688 نەپەر، خۇيزۇلار 2316 نەپەر. بۇ يېزىنى شىنجاڭدىن قالسىلا ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىككىنچى ئانا يۇرتى» دېيىشكە بولىدۇ. مەشھۇر تارىخشۇناس، ماركسىزمچى مەرھۇم جيەن بوزەن ئەپەندىمۇ دەل مۇشۇ يېزىدا دۇنياغا كەلگەن.

تارىخىي مەلۇماتلاردا خاتىرىلىنىشىچە، خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانا ماكانى تاۋيۈەن بولماستىن، بەلكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى قوچۇ (ئىدىقۇت) خانلىقى — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق يۇرتلىرى ئىكەن. مىلادىيە 1227 - يىلى چىڭگىزخاننىڭ قول ئاستىدىكى بىر بۆلۈك ئىسلام قوشۇنىنىڭ سانغۇنى بولغان قالى (خەنزۇچە 哈勒 دەپ ئېلىنغان، تەرجىمىسى تېخى بىرلىككە كەلمىدى) — ئىلگىرى ئىدىقۇت خانىدانلىقى ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى بولغان — قوشۇننى باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر تاڭغۇتلارغا ھۇجۇم قىلىپ ھازىرقى گەنسۇ، نىڭشيا تەرەپلەرنى ئىشغال قىلغان. مۇشۇ تۆھپىسىگە يارىشا قالىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ يۈەن سۇلالىسى زامانىسىدا ئىزچىل ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن.

مىلادىيە 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۈەن سۇلالىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، مىڭ سۇلالىسى تارىخ سەھنىسىگە چىققاندا، مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جەنۇبتىكى توپىلاڭنى تىنجىتىش، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى

مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قالىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن پايدىلانماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى قالى باشى (哈勒·八十)نى باش تۇتۇقلۇققا تەيىنلىگەن. قالى باشى لەشكەر باشلاپ جەنۇبنى تىنجىتىپ، خۇنەننى ئىشغال قىلغان. مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن، 1375 ـ يىلى ئۇنىڭغا «جەنۇبنى تىنجىتقۇچى سانغۇن» ھەم «ۋەلىئەھدى مۇشاۋۇر» ئۇنۋانىنى بەرگەن ھەمدە «باشى» (八十) نامىنى باشى (八士) نامىغا ئۆزگەرتكەن شۇنداقلا قالى دۈشمەننى قايچا بىلەن قىرقىغاندەك يوقاتقانلىقى (بۇ مەنە خەنزۇچىدا 翦除 دېگەن ئىككى خەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) ئۈچۈن ئۇنىڭغا جيەن (翦) فامىلىسىنى ئىنئام قىلدى. قوشۇن خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، جيەن باشى (翦八士) تاۋيۈەن فېڭشۇغا جايلىشىپ، بارگاھ قۇرغان. بۇ بارگاھمۇ «قالى بارگاھى» (哈旗营) دەپ ئاتالغان.

خۇڭۋۇنىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيە 1389 ـ يىلى)، باشى (八士) جەنۇبنى تىنجىتقاندىن كېيىن، جەنۇب جەڭ مەيدانىدا ۋاپات بولغان. ئوغلى بەيجۇ (بەيقۇت) دادىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، يۈننەن، گۈيجۇ تەرەپلەرنى بويسۇندۇرغان. بەيجۇ(بەيقۇت)مۇ كاتتا خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ، بەختكە قارشى يۈننەن جەڭ مەيدانىدا ۋاپات بولغان. ئاتا ـ بالا ئىككىلىسى چاڭدې (常德) شەرقىي قوۋۇقى سىرتىدىكى خۇاڭ لۇڭگاڭ (كېيىنچە تاۋيۈەن فېڭشۇدىكى جيەن جەمەتى ئائىلىسىگە كۆچۈرۈلگەن)غا دەپنە قىلىنغان. بەيجۇنىڭ چوڭ ئوغلى چاڭپۇ (常蒲) ئەمەلدارلار بولۇشنى خالىماي، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، شىنجاڭغا قايتقان. جۇ خۇڭۋۇ قالى ئاتا ـ بالىنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىشتىكى تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، جيەن بارگاھىنى خۇنەن تاۋيۈەندىكى فېڭشۇ يېزىسىغا (بۈگۈنكى تاۋيۈەن ناھىيىسى فېڭشۇ ئۇيغۇر ـ خۇيزۇ يېزىسى) ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە «سادىق ئەزىمەتلەر سارىيى»، «دىيانەتخانا»، «جەنۇبنى تىنجىتىش قەسرى»، «تەپسىرخانا» قۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرغان. جۇ يۈەنجاڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان «جەنۇبنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈچى» دېگەن بېغىشلىمىسى ئالتۇن پلاكاتقا ئېسىلىپ، ئۇلارنىڭ تۆھپە ـ خاتىرىلىرىنىڭ شەرەپلىك يادنامىسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن قالى باشلاپ كەلگەن ئىسلام قوشۇنى مۇشۇ ئەتراپقا ئولتۇراقلىشىپ، تاۋيۈەندە مۇقىم ماكان تۇتقان. بۇ ماكاندا دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق، قەلەمدارلىق ۋە ئەلەمدارلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 26 ئەۋلاد ياشاپ، 8 مىڭ نوپۇسقا يەتكەن.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاۋيۈەن ئەتراپىدا مۇقىم ماكانلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا ئالتە يۈز يىلدىن ئاشتى. بۇ تارىخىي جەرياندا ئۇلارنىڭ گۈللەنگەن، خارابلاشقان، ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەن چاغلىرى بولدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتى» ھەر دەرىجىلىك

پارتىيە – ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىگە نائىل بولدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر – خۇيزۇ يېزىسى قۇرۇلغان 20 يىل مابەينىدە كۆپ قېتىم پارتىيە – ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى زاتلارنى ۋە باشقا ئۆلكە، شەھەر رەھبەرلىرى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن كۈتىۋالدى.

پۈتۈن يېزىنىڭ 2005 – يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2907 يۈەن ئەتراپىدا بولدى. ھازىر يېزىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئاساسەن مۇنداق:

1. مىللەتلەر سىياسىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتى. دېھقانلار يېزا ئىگىلىك بېجىنىڭ يېرىمىنىلا تۆلەشتەك ئېتىبار سىياسەتتىن بەھرىمەن بولدى. يېزىنىڭ باشلىقلىقىنى ئىزچىل مىللىي كادىرلار ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇر كادىر ۋە خىزمەتچى خادىملار مۇقىم تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندا ئون نومۇر ياكى يىگىرمە نومۇرلۇق ئېتىبارغا ئېرىشىپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ئىزچىل ھۆرمەت قىلىنىپ، مۇسۇلمانچە ئاشخانا، رېستورانلار تەسىس قىلىنىپ، مۇسۇلمانچە يېمەك – ئىچمەكلەر بازىرى ئېچىلدى. مىللىي رايوندىكى كارخانىلار ئالدىنئالا قەرز ئالالايدىغان بولدى.

2. مىللىي ئىگىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. نۇرغۇن ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي بازىلىرى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئۈزۈمچىلىك بازىسىنىڭ كۆلىمىلا 300 مودىن ئاشتى. يىلىغا 8 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي سويىدىغان مۇسۇلمانلار قۇشخانىسى قۇرۇلدى. ھازىر مىللىي ساياھەت، ئۆرپ – ئادەت، ئىستراھەت كوچىسى، قوي بازىرى، يېمەك – ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش بىر گەۋدىلەشكەن مىللىي كوچىلارنى قۇرۇش خىزمىتى باشلانماقتا.

3. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. يېڭىدىن ئون كىلومېتىردىن ئارتۇق تاشيول ياتقۇزۇلۇپ، ئاسفالتلاشتۇرۇش كۆلىمى 43 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. توك تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلغاندىن باشقا، كۆچمە خەۋەرلىشىش، بىرلەشمە خەۋەرلىشىش مۇنارىدىن بىرى ئورنىتىلدى. 4700 ئائىلىگە تېلېفون ئورنىتىلدى.

4. پەن – تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. مەزكۇر يېزا پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى نەمۇنىلىك يېزا بولۇپ، مائارىپتىكى «ئىككى ئاساسەن» ئۆلچىمىگە يەتكەن. ھازىر يېزىدا ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىرى، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى، كەنت دەرىجىلىك باشلانغۇچتىن سەككىزى بار. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 3175، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 225كە، ئوتتۇرا – باشلانغۇچقا كىرىش نىسبىتى، ئۆرلەش نىسبىتى 100% گە يەتتى. ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئولىمپىك ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىدا نۇرغۇن قېتىم مۇكا-

پاتقا ئېرىشكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتى. مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى تولۇق. سىملىق تېلېۋىزىيە تورى كابېل قۇرۇلۇشى ئۆگۈشلۇق تاماملىنىپ، سىملىق تېلېۋىزىيە ئورناتقانلار 300دىن ئاشتى. تېلېۋىزىيە قانىلى 30غا يەتكۈزۈلدى. مىللىي شىپاخانىدىكى دوختۇر 10 نەپەر، سېستىرا 7 نەپەر. دوختۇرخانىغا غەرب تېبابىتى ئىچكى بۆلۈمى، تاشقى بۆلۈمى، جۇڭيى بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمى، تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ئامبولاتورىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان. بالنىستتا 12 كارىۋات بار. يېقىندىن يەنە بىر ئاممىۋى سەھىيە باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

5. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى. 2005 - يىلى ياشانغانلار ساناتورىيىسى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ كارىۋات 80گە يەتكۈزۈلدى. قىيىنچىلىقى بار، ئاغرىق - سىلاق، يېتىم - يېسىر كىشىلەرگە ئاجرىتىلغان پۇل 21 تۈمەن سومدىن ئاشتى.

6. مەدەنىيەتلىك يېزا ئوبرازى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىشكە باشلىدى. كۆپ مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، مەسىلەن، «يېزىدىكى كەچلىك سۆھبەت»، «5 تە ياخشى پېشقەدەم»نى باھالاش قاتارلىقلار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. 2005 - يىلى مەزكۇر يېزىدا بىر مەيدان دېھقانلار تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 120 دىن ئارتۇق دېھقان تەنھەرىكەتچى ئوما ئورۇش، ئارغامچا تارتىش قاتارلىق تۈرلەردە مۇسابىقىلىشىپ، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىككىنچى ئانا يۇرتى»دىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ھەممىسى دېگۈدەك «جيەن» فامىلىسىنى قوللىنىدىغان خۇەن ئۇيغۇرلىرى گەرچە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئەسلى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئاساسەن يوقىتىپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ «بىرىنچى ئانا يۇرتى»نى دائىم كۆرگۈسى كېلىدۇ، قېرىنداشلىرىنىڭ ھىدىنى پۇرىغىسى كېلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، ئانا تىلىنى ياد ئېتىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، خۇەن ئۇيغۇرلىرى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر، جۈملىدىن «بىرىنچى ئانا يۇرتى»دىكى قېرىنداشلىرى بىلەن باردى - كەلدىنى قوغداپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇپ ۋە كۈچەيتىپ، ۋەتىنىنىڭ پارلاق ئەتىسىنى بىرلىكتە يارىتىدۇ!

[بۇ ماقالە 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خۇەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە ئېچىلغان جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى — مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىكى جيەن جىڭخۇڭ خانىم (تاۋيۈەن ناھىيە فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى) سۆزلىگەن لېكسىيىگە ئاساسەن تەييارلاندى ]

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


历史文化研究会第四届学术研讨会贵宾下榻我店










源泉（布拉克）（维吾尔文）总108期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي108-سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108　定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108–58. باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118